

# شنجاڭ مەدەنيتى


# XINJIANG CIVILIZATION

4

1991



كۈسەن ئۇسسۇلى (ماي بوياق) پەرھاد ئىبراھىم سىزغان



ئاخبارات، نەشرىيات، رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە، ئەدەبىيات - سەنئەت قاتارلىق تۈرلۈك مەدەنىيەت ئىشلىرىنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ۋە «بارچە گۈللەر تەڭ ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش لازىم. ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش لازىم. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئېسىل مىللىي مەدەنىيىتىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، ئەدەبىيات، كىنو، تېلېۋىزىيە، مۇزىكا، ئۇسسۇل، گۈزەل سەنئەت، تىياتىر قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىجادىيەت پائالىيىتىنى گۈللەندۈرۈپ، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنى دەۋر روھىغا ۋە شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، ساغلام مەنىۋى مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىن ئېتىپ، خەلقنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى، گۈللىنىشىنى، مەدەنىيەتلىك بولۇشىنى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش. كۇتۇپخانا، مەدەنىيەت يۇرتى، مۇزېي، پەن - تېخنىكا سارىيى، مەدەنىيەت پونكىتى، كۇلۇب قاتارلىق ھەر خىل مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى سورۇنلىرىنى يەنىمۇ ياخشى باشقۇرۇش لازىم. دەرىجە بويىچە باشقۇرۇش، كۆپ تەرەپ مەبلەغ توپلاش چارىسىنى قوللىنىپ، بەش يىل ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ۋاقىت تىرىشىش ئارقىلىق، ھەممە ناھىيىدە كۇتۇپخانا، مەدەنىيەت يۇرتى بولۇش، ھەممە يېزا - بازارلاردا مەدەنىيەت پونكىتى، رادىئو-تېلېۋىزىيە پونكىتى بولۇش، ھەممە كەنتلەردە مەدەنىيەت ئۆيى، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۆيى، گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش - ئوقۇش تورى نۇقتىلىرى بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. چەت - ياقا، نامرات رايونلارنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى پائال راۋاجلاندۇرۇش كېرەك.

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئون يىللىق پىلانى ۋە 8 - بەش يىللىق پىلانى پروگراممىسىنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى قىسمىدىن)



# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

40 - يىل نەشرى

1991 - يىل 4 - سان (ئومۇمىي 191 - سان)


## بوستاندا

### مۇزىكا گۈلزارى


ئۇلۇغ پارتىيە ......... شېئىرى: ت. پەخرىدىننىڭ. مۇزىكىسى: ئى. سەيپۇللايۇۋنىڭ 3


### ئامماۋى مەدەنىيەت سېپىدە


قورساق تويسىلا ھېسابمۇ؟ ......... (ئەدەبىي ئاخبارات) ......... ئە. ئۆمەر، ن. ناسىر 4


### سەھنە ئەسەرلىرى


ئايدىن چۈشكەن پەرىزات ............ (دراما) ............ مۇھەممەتئېلى زۇنۇن 16



### ئەدەبىيات گۈلزارى


ھايات كويى ............ (ھېكايە) ............ ئەخمەت مۇساق 56




مۇقاۋىدا: تەخسە ئۇسسۇلى (ماي بوياق) ئابدۇشۈكۈر كېرىم سىزغان.
رەسسام ۋە خەتتات: ئىسمائىل ئىبراھىم (تەكلىپ قىلىنغان). گۈزەل سەنئەت
تەھرىرى: رىسالەت مۇھەممەت

باش مۇھەررىر: مۇھەممەت زۇنۇن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت (بوستاننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخرىيدا كتورى)
مەسئۇل مۇھەررىر: ساتتار توختى (تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى)


ئۇلۇغ پارتىيە
1=F 4/4






(ئەدەبىي ئاخبارات)

**ئەختەم ئۆمەر، ئۇرىمان ناسىر**

ئۇ ئۆزى سېمىز ئادەم. بىز ئۇنىڭ بىلەن كۆپ يېگىرلىشىمىز، قاتتىق چاقچاقلىشىمىز. ئۇنىڭغا زوقىمىز كەلگەندە: «مۇتەللىپ بوردەك-قالتىس پور كۆتەك جوما» دېيىشىمىز يوق يېرىدە. ئۇنىڭ ئاتا-بوۋىسىنىڭ لەقىمى نەچچە ئەۋلادتىن بېرى «چاقان» دەپ ئاتىلىپ كېتىپتىكەن. بۇ لەقەم پەقەت مۇتەل-لىپكە كەلگەندە ئۆزگىرىپ كەتتى. ئورۇق - سېمىزلىك ئۇقۇمى خاتا بولمىسا، چاقان ئادەم چوقۇم ئورۇق، ۋىجىك سۆيەتلىك بولىدىغۇ، دەپ ئويلايتتىم. «سېمىز چاقان» دەپ ئاتالغان ئۇنىڭ رەھمەتلىك ئاتىسىنى



مەن كۆرۈپ باقمىغان. ئەمما كىشىلەر نەچچە ئەۋلادتىن بېرى يادلاپ كەلگەن بۇ لەقەم مۇتەللىپ سېپىتكە كەلگەندە «پور كۆتەك»كە ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۇ ھەقىقەتەن سېمىز ئادەم. سېمىزلىكتىن ئېغىناپ تەستە ماڭسا، يۈزلىرى ئېسىلىپ، ئەقىل - پاراسەت يېغىپ تۇرىدىغان چوڭ كۆزلىرى كۈلۈۋاتقان ئادەمنىڭ كۆزىدەك پۈرۈلۈپ كېتىدۇ.

بىز دائىم خەت، تېلېفوندا كۆرۈشەكمۇ، ئۇزاق كۆرۈشمەي يىراقتىن كېلىپ دىدارلاشساقمۇ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم. پور كۆتەك يارغىلى كېتىۋاتىمەن، — دەپلا كۆرۈشىمىز.

بىز كۆپ ھاللاردا ھايات ھەققىدە پاراڭلىشىپ قالىمىز.

— ئادەم دۇنياغا جان بېقىش ئۈچۈنلا كەلسە، ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىنساندەك ياشاش مەقسىتى بولمىسا، كۈنىگە ئۈچ ۋاخ قورساق تويغۇزۇپلا ئۆتسە، ئۇنىڭدىن كۆرە چارۋا ياخشىراق. ئۇ كۈچ بېرىدۇ، سۈت بېرىدۇ، يۇڭ بېرىدۇ، تېرە بېرىدۇ، گۆش بېرىدۇ. دېمەك، ئۇ ھايۋان بولسىمۇ كائىناتنىڭ بىر ئەزاسىغا لايىق ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئورۇندايدۇ. ئەپسۇسكى، بىزدىكى خېلى نۇرغۇن ئادەملەر ئۆزىنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى، نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى، نېمە قىلسا بولىدىغانلىقىنى بىلمەي نادانلىقتا ياشايدۇ. ئۇلار خەلقنىڭ ھالال قان - تەرى بىلەن ئىشلەپ تاپقان نېمەت-مەئىشەتلىرىنى يەپ، خورىتىپ تۈگىتىدۇ. ئۇلار پاك زېمىنغا نىجىس يۈك. دەل مۇشۇنداق ئادەملەر دۇنيادىكى ھەر قانداق خەلقتىمۇ بىزدە كۆپ، — دەيدۇ مۇتەللىپ سېپىت ھەسرەتلىنىپ.

مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئۈنسىز قۇلاق سېلىپ ئۆزۈمچە مۇلاھىزە قىلىپ ئولتۇرىمەن.

— بىر چەت ئەللىك بىزنىڭ شەھىرىمىزگە كېلىپ، تامغا يۆلىنىپ ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇرۇپ كەتكەن ئادەملەرنى كۆرۈپ: «ئۇلار تاماق يېمەمدۇ؟» دەپ سوراپتۇ. «تاماق يېمەيدىغان ئادەم كۆردە بولىدۇ» دەپتۇ ھەمراھى. «بۇلار بۇنداق ئىشلىمەي ئولتۇرسا ئۇلارنىڭ قورسىقىنى كىم باقىدۇ؟» دېسە، ھەمراھى: «بۇ يەرنىڭ ئادەملىرىدە ئاز ئادەم ئۆلگىدەك ئىشلەپ، تېجەشلىك يەپ، كۆپ ئادەم بىكار ئولتۇرۇپ، بۇزۇپ - چېچىپ يەپ ياشايدىغان ئادەت بار» دەپتۇ. ئۇلار مەسچىتكە كىرسە بىر ئادەم ئۇن مىنۇت ناماز ئوقۇپ، يىگىرمە مىنۇت خۇدادىن تىلەپتۇ. «سەن نېمىشقا ئاز ناماز ئوقۇپ كۆپ نەرسىلەرنى تىلەيسەن؟» دېسە، ئۇ ئادەم ھېجىيىپ: «ئىشلىرىم ئاسان بولار دەپ» دېگەن جاۋابنى بېرىپتۇ. «سەن ئىبادەتنى ئۆز يولى بىلەن قىلىۋەرسەڭ ئاللا بىلىدۇ. سېنىڭ ئېھتىياجىڭنى ئەجرىڭ ئارقىلىق بېرىدۇ» دەپتۇ. مانا قاراڭ، بۇ نېمە؟ ھورۇنلۇق! ھورۇنلۇقنىڭ نېمە لەززىتى بولسۇن.

دۇنيادا بىكارچىلىقتىن ئازابلىق ئىش بارمۇ؟

ئادەم ھامان قاتتىق بېرىلگەن ئىشىدىنلا لەززەت ئالالايدۇ، شۇ چاغدىلا ھايات ئەڭ تاتلىق تېتىيدۇ. بىكار قالغان چاغلىرىم مېنىڭ زېرىكىپ جاندىن تويغان چاغلىرىم. ئاشۇ ئاپتاپتا قاقلىنىپ ئولتۇرغان، لاغايلاپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان لايغەزەل، بىكار تەلەپ ئادەملەرنى شۇنداق ئۆچ كۆرىمەن، سەسكىنىمەن. مەن سىزگە بىر گەپنى دەپ بېرەي، ناھايىتى قىزىق ھەم ئەھمىيەتلىك.

ئۇ يەڭلىرىنى تۈرۈپ، دىمىقىنى قېقىپ، ھاياجان بىلەن قىزىشىپ سۆزلەپ كەتتى. ئۇنىڭدىكى ھازىرقى ھاياجانلىق ھېسسىيات — ئۇنىڭ خىزمىتىدىكى قىزغىنلىق ۋە ئەستايىدىللىقىنى شۇنداقلا زور مۇۋەپپەقىيىتىنى

ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن روھىنىڭ، غەيرەت-شىجائەتىنىڭ مەنبەسى بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلىپ باقتىم ئۆزۈمچە.

— مەن بۇ گەپنى كېرىم ھاجى ئىسىملىك سودىگەر بوۋايدىن ئاڭلىغان، — دېدى مۇتەللىپ سېيىت.

مەرھۇم ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ دادىسى — ھۇرمەتلىك يۇرت مۆتىۋىرى ئابدۇراھمان ھاجىم بىر كۈنى پۈتۈن يۇرتتىكى جامائەتنى يىغىپ، يۇرتتىكى تۆت ئائىلىلىك ئادەمنى تىرىك كۆمۈۋېتىشكە بۇيرىدى. جامائەت غۇلغۇلا قىلىشىپ ئاخىرى بۇ تۆت ئائىلىلىك ئادەمنى يۇرتتىن ھەيدەپ چىقىرىشنى، ئۇلارنىڭ يۇرتقا قايتا قەدەم باسماسلىقىنى قارارلاشتۇردى. ئابدۇراھمان ھاجىم غەزەپتىن ساقاللىرىنى تىترىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— بۇ تۆت ئائىلىلىك ئادەم بىر كىمنىڭ قىلچاغلىق نەرسىسىنى ئوغرىلىمىدى ياكى زىيان سالمىدى، بىرەر ئادەمنىڭ دىلىغا ئازار بەرمىدى ياكى بىرەر ئادەمنى خوش قىلمىدى. دېمەك بۇلار يۇرتقا پايدىسىز، زىيىنىمۇ يوق ئادەملەر. بۇ تىرىكتاپلارغا يۇرت-جامائەت ھەر يىلى دېھقانچىلىق قىلىپ بېرىدۇ، ئۇلاغ-چارۋا بېرىدۇ، سودا قىلىپ بېيىۋال دەپ پۇل بېرىدۇ. ئۇلار ھۆكۈمەتكە باج-خىراج تۆلىمەيدۇ. ئەمما ئۇلار يۇرتنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئىش قىلماي تۆت كۈندە بارنى يەپ تۈگىتىپ، يەنە كىم بىر نېمە بېرەركىن، دەپ تۈگۈلۈپ بويۇن قىسىپ تۇرىدۇ. چوڭى تېخى شۇنداق، كىچىكى ئاندىن ئۆتە ئۆلەرمەن. قېرى-ياشلىرى، ئاتا-بالىلىرى ھەممىسى ئوخشاش. بۇنداق ئادەملەر يۇرتقا، زېمىنغا ئارتۇقچە يۈك. بىر يۇرتتا بۇنداق ئادەمدىن بىرسى بولسا بۇ يۇرتقا شۇملۇق يېغىپ، بەرىكەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. بۇنداق پايدىسىمۇ-زىيە-نىمۇ تەگمەيدىغان ئەركەك تۈكى يوق ئادەمدە ئادەملىك غۇرۇر، ۋىجدان، نومۇس، قەھرى-غەزەپ بولمايدۇ. بۇنداق لامزەللە ئادەم يۇرتتا تۇرسا ئازكۈندە ھەممە ئادەم لامزەللە بولۇپ كەلگۈسىدە يۇرت خانىۋەيران بولىدۇ. بۇلارنى كۆزدىن يوقىتىڭلار، — دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ يۇرت ئەھلى بۇ تۆت ئائىلىلىك ئادەمنىڭ يەر-زېمىنلىرىنى ئۇلار رازى بولغۇدەك پۇلغا سېتىۋېلىپ ئۇلارنى يۇرتتىن قوغلاپتۇ. ئۇلار بۇ ئىشقىمۇ رازى بولۇپ يۇرتنى تاشلاپ كېتىپتۇ.

— بەلكىم تىرىك كۆمگەن بولسىمۇ ئۇلار يەنىلا رازى بولۇپ، ئىندىمەي تۇرۇۋېرىشى مۇمكىن، — دېدىمەن.

— يۇرتتىن قوغلىنىش — ۋىجدانلىق، ھالالچى ئادەم ئۈچۈن ئۆلۈمدىن ئېغىر. ئەمما روھى ئۆلگەن، ۋىجدانى ۋۇجۇدى يوق ئادەملەر ھارسىنامدۇ، نومۇس قىلىشنى بىلەمدۇ، دەمسىز.

مېنىڭ ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ چىشىغا بىر تەگكىم كەلدى:

— سىزمۇ گەپنى يوغان قىلغان بىلەن، خەققە نېمە ئىش قىلىپ بەردىڭىز؟ دېسەم — دېمىسەم، ئۇلارمۇ سىزدەك ئۆلگىدەك يەپ، سېسىق ئوسۇرۇپ ئۇخلايدىغان بىغەم، سېمىز ئادەملەرمىكىن دەيمەن.

مەن بىمەنە چاقچىقىمدىن ئۆزۈم كۈلدۈم، ئەمما ئۇ كۈلمىدى.

— تازا پوچى ئاداشكەن، دېمىگىنىمۇ دەڭ، گەپ-گەپكە كەلگەندە شۇنىمۇ دەۋالاي: مەن تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان مۇشۇ مەكتەپ تەۋەسىدە بىر كىشىلىك ئەمەس مىڭ كىشىلىك خىزمەت قىلدىم. چېنىم تېنىمدە بولسىلا بۇنىڭدىن كېيىن يەنە قىلىمەن دېگەن نىيىتىم بار. قايسىبىر دانىشمەن زات:

«ئەل رەھمىتى ـ ھەممە مەڭگۈلۈك شان ـ شەرەپنىڭ يىلتىزىدۇر» دەيتتىكەن. ھازىرغىچە قىلغان خىزمەتلىرىمدىن يۇرت ـ جامائەت ئاز ـ تولا رازى بولغان ئىكەن، بۇنىڭدىن چوڭ شان ـ شەرەپ، ئەمەل ـ مەرتىۋە بولماس ماڭا. چەككەن جاپا ـ مۇشەققەت، ئاڭلىغان تاپا ـ تەنە، تۈرلۈك ھەسەت ـ خۇسۇمەتلەر ئالدىدا زىنھاردەكمۇ پۇشايمىنىم يوق.

مەن قەستەن خۇپسەنلىك قىلدىم:

ـ مەكتىلىكلەر ئۆزىنىڭ جاپاكەشلىكى، چىداملىقى ۋە ئىشچان ئىككى قولىغا تايىنىپ كەتمەن بىلەن يۇرتنى كۆكلىتىپ، قورسىقىنى بېقىۋاتىدۇ. سىز يا مەكتىلىكلەرگە بىرەر چىڭ ئاشلىق ئىشلەپ چىقاردىڭىزمۇ؟ بىرەر چىشقاق پاقلان بېقىپ بەردىڭىزمۇ؟ ياكى بىرەر پۇڭ يەرگە كېۋەز تېرىپ بەردىڭىزمۇ؟

ـ سىز دېگەن ئىشلارنى زادىلا قىلمىدىم دېسەم بولماس. راستىنى ئېيتقاندا، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ دېھقانچىلىق مەيدانىدا چېنىققان چاغلىرىمدا مەنمۇ رەسمىي دېھقان بولغان. بۇغداي، قوناق، كېۋەز تېرىغان. كېيىن ھازىرقى خىزمەت ئورنۇمدا ئىشلىگەندىن كېيىن مەن مەكتىلىكلەر ئۈچۈن باشقىچە بايلىق يارىتىشقا تىرىشىپ باقتىم. بۇ يۇرتتىكى خەلق قورساق تويغۇزۇشتىن ھالىنىشقا ـ باي بولۇشقا قاراپ ماڭدى. ئەمما قورساق تويسىلا كىشى خۇشال ـ بەختلىك بولۇشى ناتايىن. چۈنكى، ئادەم يەم ـ ئىچمىش ئۈچۈنلا ياشايدىغان ھايۋان ئەمەستە. بىزنىڭ ساددا دېھقانلىرىمىز ماددىي جەھەتتىكى ئېچىرقاش ئازابىدىن قۇتۇلغىنى بىلەن روھىي ـ مەنىۋى جەھەتتىن يەنىلا ئىنتايىن نامرات ـ گاداي. سەرەمجانسىز تۆت بۇلۇڭ، بىر كۆلۈڭگۈلۈق ئۆيدەك ئۇلارنىڭ قەلبى بوش. تاغاردىكى ئاشلىقى، يانچۇقىدىكى پۇلى، قوتاندىكى مېلى ـ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ماددىي بايلىقى. ئۇلار ھامان ئاشۇ بايلىقى بىلەن بوش ـ قۇرۇق مەنىۋىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرماق بولىدۇ. ئۇلار مەنىۋىيەتتە پەقەت كېچىدە بولىدىغان ئەر ـ خوتۇنچىلىق مۇناسىۋىتىدىكى بايلىققا ئىگە. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە بىردىنبىر شۇنداقلا ئەڭ ئۇلۇغ لەززەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ خۇددى ئاشۇ تۆت بۇلۇڭ، بىر كۆلۈڭگۈلۈق قاراڭغۇ ئۆينىڭ بىر دانە ئالتۇن چىرىغى بولغاندەك ئىش. بۇ ئۆيدە ئادەمنىڭ ئۆيدە بولۇشقا تېگىشلىك ھەممە نەرسە ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە بولۇشى كېرەك. ئادەمدە تاماق يېيىشتىن، ماي كېكىرىشتىن باشقا، كۈلكە، تاماشا، ساياھەت، دوستلۇق، بەزمە، باراۋەت، مەشرەپ، گۈزەللىك، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەنئەت، مۇھەببەت، ساغلاملىق، ئىنتىلىش قاتارلىق ئاڭ دائىرىسىدىكى لەززەتلەر بولۇشى كېرەك. دېھقانلاردىكى ئەر ـ خوتۇنچىلىقتىكى خۇشاللىقتىن ئىبارەت بۇ بىر بايلىق پەقەت ئاشۇ بايلىقلار ئارىسىدىكى باراۋەر بىر مەۋجۇتلۇقتىن ئىبارەت. چەتئەللىك بىر ئىنسانشۇناس جۇڭگودىكى نوپۇس كۆپىيىش كىرىزىسىنى تەھلىل قىلىپ «جۇڭگو يېزىلىرىدا كىشىلەر كۆڭۈل ئاچىدىغان، مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان كۆڭۈللۈك پائالىيەتلەرنىڭ كەم بولۇشى ـ ئېلىشقا تېگىشلىك بارلىق لەززەتنى ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋەتكە يۈكلەپ قويغان. شۇڭا كەچ كىرىشى بىلەنلا قورساق تويغۇزۇپ يوتقانغا كىرىش ئومۇمىي ئادەتكە ئايلىنىپ، نوپۇسنىڭ شىددەت بىلەن ئېشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان» دەيدۇ. بۇمۇ مەنىۋى گادايلىق بولماي نېمە؟ قەدىمكى زاماندىن قالغان ئەنئەنىۋى ئويۇنلار ـ مەسىلەن:

مەشرەپ، داستان، ئېيتىشىش، مەدداھلىق،
قوشاقچىلىق، چېلىشىش، ئوۋ قاتارلىقلارنىڭ
بەزىلىرى ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك جەلپ قىلىش
كۈچىنى يوقاتماي كەلگەن بىلەن بەزىلىرى
كىشىلەر قىزىقمايدىغان ئەستىلىكلەرگە
ئايلىنىپ كەتتى. بۇلارنىڭ ئورنىنى ھايا-
تىي كۈچكە تولغان يېڭى نەرسىلەر ئىگىلە-
شى كېرەك - تە. ھازىر دېھقانلارنىڭ ئېڭى،
مەنىۋىيىتىگە نەزەر سالايلى: ئۇلار ئېغىر
يىللاردا بىر قانچە جىڭ ئارتۇق ئاشلىقىنى،
جىق تاپقان يالىڭاچ بالىلىرىنى، بىرەر
قور ئارتۇق كىيىمىنى، ئۆيىدىكى كىگىز،
يوتقانلىرىنى بايلىق ھېسابلاپ سانايتتى.
كېيىن توخۇ - تۇمانلىرىنى، مال - چارۋى-
سىنى، ئۆيىنىڭ ئەتراپىدىكى دەل - دەرەخ-
لىرىنى بايلىق ھېسابلىدى. ھازىر رادىئو،
ئۈنئالغۇ، تېلېۋىزور، ۋېلىسىپىت، كىيىم تى-
كىش ماشىنىسى قاتارلىقلارنى ئۆيى بىلەن
قوشۇپ پۇلغا سۇندۇرۇپ بايلىق ھېسابلاي-
دىغان بولدى. بۇلار ئەسلىدە ئادەتتە بىر
ئادەمدە بولۇشقا تېگىشلىك تۇرمۇشتا ئىش-
لىتىلىدىغان نەرسىغۇ؟ چارۋىنىڭ ئېغىلى، ئىت-
نىڭ ئاش ئىچىدىغان يالىقى، ياتىدىغان گەمىسى
بولغاندەك بىر ئىشقۇ؟ مانا بۇ - مەنىۋى-
يىتىنىڭ چەكسىز نامراتلىقى بولماي نېمە؟!
بۇ مەنىۋىيەت ئۆيىگە تىزىلغان تۇرمۇش
لازىمەتلىكلىرىنىڭ ئورنىنى ئەسلىدىكى ئې-
لىشقا تېگىشلىك نەرسە ئالمىغاندىن كېيىن
بۇ بوشلۇققا ئۆي سەرەمجانلىرى تىزىلىدى-
غان گەپ. مانا مەن مۇشۇ ھالدىكى خەلقتە
مەنىۋى بايلىق يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىۋات-
قان ئادەم.

ئۇ سۆزلەپ بولۇپ قورۇغان لېۋىنى يالاپ
قويۇپ كۈلدى. ئەمدى مەن كۈلمىدىم، چاقچاق-
چاقىنى قويۇپ، خىيالچان بولۇپ قالدىم.

راست، كىشىلەرنىڭ بايلىق ئېڭى مەنىۋى
لەززىتىنىڭ بولىقى. سوۋېت كىشىلىرى
ئائىلىسىدە كىتابلىرىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى
بىلەن بايلىقىنى ئۆلچەرمىش؛ ئاۋستىرالىيە-
لىكلەر بولسا گۈللىرىنىڭ ئېسىل بولۇشى
بىلەن ئۆلچەرمىش. بىزچۇ؟ بىزدە بالىلىرى-
مىزنىڭ كۆپلۈكىنىمۇ بايلىق سانايدىغان
ئادەت بارغۇ؟ بايلىق كۆز قارىشىنىڭ ھەر
خىل بولۇشى كىشىلەر ئېڭىدىكى بوشلۇقنىڭ
نېمە بىلەن تولغانلىقىدا. بىز ئېلېكتر مە-
دەنىيىتىگە قەدەم قويۇشتىن ئىلگىرى ئاتا -
بوۋىلىرىمىز تاماق يەپلا ياشىغانمۇ؟ ياق.
ئۇلار «قۇلدەك ئىشلەپ بەگدەك يە» دېگەن
سۆزنى ئاددىي مەنىسى بىلەن ئەمەس،
ناھايىتى ئەھمىيەتلىك - چوڭقۇر
مەنىسى بىلەن ئىستېمال قىلغان.
ئۇلار جاپا - مۇشەققەت چېكىپ ماددىي باي-
لىق يارىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەنىۋى
ھاياتنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى ناھايىتى ئەت-
راپلىق ئويلاشقان، كۈن بويى جاپا، غەم،
مۇڭ، ئازاب بىلەن ئەمەس، ئازغىنا ئۆمۈر-
نى قانداق قىلغاندا خۇشال ئۆتكۈزۈش -
ياشاشنىڭ ئەسلى مەقسىتى ئىكەنلىكىنى
بالدۇرلا بايقىغان. ئېلېكتر مەدەنىيىتى-
سىگىپ كىرىشتىن ئىلگىرى كېچىنى مەشرەپ،
داستانچىلىق، مەدداھلىق بىلەن، قىشنى
ئوغلاق تارتىش، بەيگە، ئىت تالاشتۇرۇش،
توخۇ، قوچقار سوقۇشتۇرۇش، پاپۇز، ئاق
ياغاچ ئويناش، قارلىق تاشلاش، ئەتىيازنى
لەگلەك ئۇچۇرۇش، چېلىشىش قاتارلىق ئو-
يۇنلار بىلەن، يىلنى ھەر خىل خاتىرە كۈن-
لەر، سەيلە - باراۋەتلەر، ھېيت - بايراملار
بىلەن ئۆتكۈزۈپ، مەنىۋىيىتىدىكى چەكسىز
بوشلۇقنى تولدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن روھى-
يىتىنىڭ ئازادىلىقىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ

بايلىقنى ئېرىشكەن. بۇ، دۇنيادا ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغان مىللەت بولۇپ قېلىشىدىكى مۇھىم ئامىلىنىڭ بىرى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شۇ يىللاردا كىشىلەر ئارىسىدا ھازىرقىدەك ياش قىرىققا ئۇلاشمايلا يۈرەك كېسىلىگە مۇپتىلا بولۇپ، 50 ــ 60 ياش ئەتراپىدا ھايات بىلەن خوشلىشىدىغان ئىشلار كەم كۆرۈلىدىغان ئىشكەن. زامانىۋىلىشىپ، سۈرئىتى، سۈپىتى ئۆسۈپ مېڭىۋاتقان ھازىرقى مۇنەۋۋەر مىللەتلەرنىڭ ئېلېكتر مەدەنىيىتى بىزگە سىڭىپ كىرىشىگە ئەگىشىپ بىزنىڭ مىللەت ياكى ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان مەنىۋى بايلىقنى ساقلاپ قالالماي يا، يېڭى مەدەنىيەتنى تولۇق ئۆزلەشتۈرەلمەي، مەنىۋى گادايلىقتا تېخىمۇ زەيىپلىشىپ، قېرىش تېزلىشىپ، ساپاسى تۆۋەنلەپ، بارغانچە پۈچەكلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قېرى مىجەزلىك مىللەت شەكىللىنىپ قېلىۋاتىدۇ. بۇمۇ مەنىۋىيەتتىكى قۇرۇقچىلىقنىڭ چوڭ سۈپەت كۆرۈنۈشى بولۇپ قالدى. ئاتا - بوۋىلىرىمىز «ئادەم قۇلاقتىن» دېيىدىغان گەپنى چوقۇم مۇشۇ خاراكتېرگە قارىتىپ ئېيتقانمىدىكىن؟!

رادىئو، ئۈنئالغۇ، تېلېۋىزورلار ئېلېكتر مەدەنىيىتىدىن بۇرۇن ئاتا - بوۋىمىزدىن قالغان بايلىقنىڭ ئورنىغا چىقتى، ئەمما ئۆزلەشتۈرۈش تېخى خېلىلا يىراق. تېلېۋىزوردا، تەرەققىي تاپقان ئەللەردىكى چوڭ ياشلىق كىشىلەرنىڭ ياشلارغا خاس ھەرىكىتى كۆزىمىزگە سىغمىغانلىقتىن بىزگە بىمەنە، چاكىنا كۆرۈنىدۇ، بۇ بىر ئازاب، ئۆزىنى ئازابلاش. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىمىزچە روھىمىزنى چۈشۈرىمىز، چىرايىمىز تاتىرىپ تۇتۇلىدۇ، دېمەك قېرىلىقتا بىر قەدەم ئالدىدا ماڭىمىز. ئۆزىمىزنى ئەينەك ياكى تېلېۋىزوردىن كۆرۈپ باشقىلارغا سېلىشتۇرۇپ باقايلى. چوقۇم ئاشۇ ياشلىقى ئۇرغۇپ، ھاياتى كۈچىنى يوقاتمىغان بىز بىلەن تەڭ ياشتىكى ئادەملەردىن سولغۇن، كۆرۈمسىز قېرى كۆرۈنىمىز. مانا بۇلار ــ روھىي گادايلىق، روھىي ئازاب، چەكسىز غەم، مىللەت سورتىنىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكى، سۈپىتىنىڭ ناچارلىققا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنىڭ ئالامىتى. قېنى ئويلاپ كۆرەيلى، بىزدە ئاتا - بوۋىمىزنىڭ قامىتى بارمىدۇ؟ بارغانچە ۋىجىك - كىچىك ئادەملەر بولۇپ قېلىۋاتىمىز. ئاشۇ سولغۇنلۇق، قورۇنۇش، غەم ئىچىدە قالدۇرغان نەسلىمىز ــ ئەلۋەتتە، خۇشال، ھاياتى كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان چاغدا قالدۇرغان نەسلىدىن ئاجىز بولىدۇ. بۇ چوقۇم.

بىر خەلق چوقۇم ئۇرغۇپ تۇرغان ھاياتى كۈچىنى ياشارتىش ئۈچۈن غەم - قايغۇدىن ئازاد بولۇشى كېرەك. بۇ ئازادلىق - خۇشاللىق، كۆڭۈللۈك - ئازادە بولۇشتىن كېلىدۇ. بۇلار مەنىۋىيەتتىكى بايلىقتىن كېلىدۇ. ھەر قانداق خەلق ھاياتلىقىنىڭ ئەزاسىغا لايىق بىر مەدەنىيەت يارىتىدۇ. خەلققە مەنسۇپ بولغان بۇ مەدەنىيەت ئاۋۋال بىر كىشىنىڭ ئەقلىغە كېلىپ ئاندىن خەلقنىڭ ئورتاق بولۇشى بىلەن مۇكەممەل بايلىق سۈپىتىدە مەيدانغا كېلىدۇ. راست، بىزنىڭ «مۇتەللىپ بوردەك» خەلققە مەنىۋى بايلىق يارىتىپ غەمدىن ئازاد قىلىشقا تىرىشىۋاتقان مىليونلىغان مەنىۋى بايلىق ياراتقۇچىلارنىڭ بىرى. ئۇ سېمىز ئادەم. ئەمما ئاتىسى چاقانىنىڭ قېنى تومۇردا ئايلىنىپ تۇرغاچقا، بوي - بەستى پور كۆتەكتەك بولغىنى بىلەن ھەرىكىتى چاققان. ئىشنى تېزلا مۇۋەپپەقىيەتلىك روياپقا چىقىرىدۇ.

شۇڭا ئۇنى يەنىلا «چاققان» دېسە دۇرۇس بولىدىغان ئوخشايدۇ. ئۇ بار يەردە بىر خىل خۇشاللىق، يېقىشلىق، قىزغىنلىق، كۈلكە بولىدۇ. ئېغىر جاپالىق ئىشلارمۇ كۈلكىلەر، كۆڭۈللۈك كەيپىيات ئىچىدە بىلىنمەيلا تۈگەيدۇ. ئۇ دائىملا كۈلۈپ تۇرىدۇ. كىشى چارچاش ھېس قىلمايدۇ.

ئۇنىڭ كۈلمەي تۇرىدىغان ۋاقتىمۇ بارمۇ؟ ئەلۋەتتە، ئۇ خالى چاغلىرىدا كۆڭۈللۈك ئىشلار ئۈچۈن قاتتىق ئولتۇرۇپ باش قاتۇرىدۇ. كىشىلەر ئۇنى بىلىۋالدى، شۇڭا ئۇنى مەدەنىيەت خىزمىتىگە باشلىق قىلدى. ئۇ كالتە بارماقلىرى بىلەن نېپىز لېۋىنى سىلاپ ئولتۇرۇپلا ئەقىل تاپالايدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە.

— دېھقانلار ئورمىنىڭ ئازابىدا بەكلا سولىشىپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرىپ، روھىنى كۆتۈرۈپ قويايلى. ھۆكۈمەت نامىدىن ئۇقتۇرۇش تارقىتىڭلار، ھەر قايسى يېزا ھەپتىدە بىر مەشرەپ قىلسۇن...

بۇنداق گەپكە، ئۇقتۇرۇشقا ئىش ئاقمايدۇ. يېزىنىڭ شوجى، شاڭجاڭلىرىنى ئۆزى قىزىقىدىغان ئىشتىن بىرەرگە كۆڭلىنى ئىلىپ قويۇش كېرەك، بولمىسا ئۇلارنىڭ ئېسىيادى — ئورمىنى بالدۇر تۈگەتتى، دېگەن چاۋاك ئۈچۈن دېھقاننى تىنغۇدەك ئارام بەرمەي مادارىنى قۇرۇتقۇتەكدەك ئىشلىتىشتىلا. تەدبىر بولۇش كېرەك، تەدبىر!

— قانداق قىلساق بولار؟

— بىر زىياپەت بىلەن تانسا قىلىپ بېرەيلى.

— زىياپەت قىلىپ يېزا باشلىقلىرىنى رازى قىلغۇدەك پۇل مەدەنىيەت ساھەسىدە بارمۇ؟

مۇتەللىپ سېيىت نېپىز لېۋىنى بۇرۇدەك قولىرى بىلەن سىلاپ ئەقىل تاپتى:

— ئۇلارنىڭ چوڭ ئايتىلغان رەسىملىرىنى مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ تەشۋىقات تاختىسىغا چاپلاپ راسا ماختايمىز.

— ئۇلار بۇنچىلىك ئىشقا رازى بولامدۇ؟

— ئۇلارنىڭ قىزىقىدىغىنى خەلق ھەم يۇقىرى ئالدىدا ئۆزىنىڭ ياخشىلىقىنى نامايەن قىلىش. قېنى كۆرەيلى. ئۇقتۇرۇشقا: قايسى يېزا دېھقانلارنىڭ مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىشىغا ئەھمىيەت بەرسە ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى سۈرەتكە ئېلىنىپ ناھىيىنىڭ شەرەپ تاختىسىدا تەشۋىق قىلىنىدۇ، دەپ يېزىلسۇن.

ئۇ سېمىز ئادەم ئەمما ئەقىللىق ئادەم ئىدى. ئورمىنىڭ ئازابىدىن قورۇلۇپ قالغان دېھقانلار مەشرەپتە ھارغىنىنى ئۇنتۇپ، كۆيۈپ قورۇلغان چىرايلارغا كۈلكە يۈگۈردى. ئۇلار ئورما ئورىدىغان چاغدا مەشرەپ ئوينىدى، ئەمما ئورما يەنىلا ئۆز قەرەلىدە تۈگەپ ھېچكىم جىددىي پەيتتىكى تاماشادىن نارازى بولمىدى. ئىلگىرى دېھقانلار ھارغىن، ئىش بەرىكەت تاپماي، ھاردۇق چىقماي، مىڭبىر جاپادا ئورما تۈگەيتتى، خۇشال بولۇپمۇ يەنە تۈگىدى. لېكىن بۇ خۇشاللىق ئۈچۈن بىرمۇ ئادەم كېلىپ مۇتەللىپ سېيىتقا رەھمەت ئېيتمىدى. ئۇمۇ بۇنداق تامادا بولمىدى. شۇڭا ئۇ خۇشال يۈرەلەيدۇ. شۇڭا سېمىز. بىر كۈنى بىر يېزا باشلىقى مەست بولۇپ مۇتەللىپ سېيىتكە ئېسىلىۋالدى:

— ئاداش، ھاشا بېشىدىن كېلەلمەي زېرىكىپ ئۆلەي دېدىم. ئۆمرۈم ئېتىز بىلەن ھاشادا ئۆتەمدا. شەھەر كۆرسىتىدىغان ئىش قىلمامسەن، — دەپ تۇرۇۋالدى.

— سەن ھاشار بېشىدا قولۇڭنى كەينىڭگە تۇتۇپ زېرىكسەڭ، ھاشار چاپقان دېھقانلار ھارغىنلىقتىن بېلىنى ئالالمىسا ... ئاۋۋال دېھقانغا ھاردۇق چىقىرىدىغان ئىش

قىل، ئاندىن مەن سىزنى رازى قىلاي.

— دېھقان، دېھقانلا دەيدىكەنسەن.

— دېھقان بولمىسا سىزنىڭ نېمە ئېتىبارىڭ. كىمگە باشلىق بولىسەن. ساڭا ئىچىنىدىغان يېرىم - قۇرۇق تاغىرىڭنى ئۆرە تۇرغۇزۇپ، يەلكىدە سۇ ئىچۈرۈۋاتقان ئادەملەرنىڭ ساڭا ئوخشاش ئويلايدىغانلىقىنى، سەندەك ھېسسىياتلىق، سېغىنىدىغان، زېرىكىدىغان ئىشلىرىنىڭمۇ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتقىنىڭ.

يېزا باشلىقىنىڭ ساقاللىق ئات يۈزى ئېسىلىپ قىزىرىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ مۇشۇ زېمىندىكى بىر سىياسىئون - دە. ئۇداپيۈزلۈك بىلەن كۈلۈپ:

— ھە، بولدى ئاداش، ئېچىنىۋېرىپ ئېچىپ كەتمە. دېگىنە، نېمە ئىش قىلىپ بەرسەم بولار؟

— ھاشارچىلارغا ھەر كۈنى چۈشتە تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن تامىقىنى سىڭدۈرۈپ بىردەم كۆزىنى يۇمغىلى قوي. كەچتە بىر كۈن مەشرەپ قىلىپ بەر، بىر كۈن كىنو، بىر كۈن كونسېرت كۆرسەت، شۇ چاغدا ھاشار بالدۇر تۈگەيدۇ.

— مانا، مانا، ئاق نانچى كادىر دېگەن شۇدە. ھاشار دېگەن ھاشار. دېھقان دېگەن سىزنىڭ ئىدارە - جەمئىيىتىڭىزنىڭ كادىرى ئەمەس چۈشتە قورسىقىنى تويغۇزۇپ ئۇخلايدىغان. ئەتىگەندە چامغا چۈشسە، چۈشتە تاماقنى يەپلا يەنە چاپمىسا ئىش تۈگەمدۇ؟ كەچتە دېگەن ئويۇنۇڭ نەدە، كىنورىڭ نەدە؟ ئىزىدا يېتىپلا ئۇخلايدىغان گەپ.

— ئۇھ، دېگىنىدەك ئارام بەرسەك ئۇنداق بولمايدۇ، ئىشىمۇ تۈگەيدۇ. دۇنيانىڭ ھېچ يېرىدە بۇندا ھاشار بولمايدۇ، پەقەت مەشەدە قالدى.

— بارغانىدەك، كۆرگەنىدەك گەپ قىلماڭلا ئادىشوي.

مۇتەللىپ سېيىتنىڭ كاللىسىدا چاقماقتەك بىر خىيال ئۆچتى.

— بىز كەپنى ئوبدان دېدىڭ. كاللاڭ زېكەشتىن چىققان بىز تويپىدەك قېتىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىر ئەقىل تېپىشىمغا ياردەم بەردىڭ. بولدى ھېساب. مەن مۇتەللىپ سېيىت ھاياتلا بولسام ھەممە يېزىنىڭ باشلىقلىرىنى يىغىپ جۇڭگونىڭ يېرىمىنى كۆرسىتىپ كەلمىسەم ھېساب ئەمەس. پۇل ئۆزۈڭدىن، كۆرسىتىش مەندىن.

— ياراپسەن ئاداش. پۇل ئەمەس جان ئالساڭمۇ ئېلىپ كۆرسەتكىنا. بىر كۆرەي.

— سەندەك يېزا باشلىقلىرىنى ئالىي مەكتەپتە مىڭ يىل ئوقۇتسىمۇ يەنە شۇ قارا كىگىزنى يۇيسا ئاقارمىغاندەك تۇرىسەن. باشقا يەردىكى يېزا باشلىقلىرىمۇ دېھقاننى سەندەك ئىشقا سالامدىكەن - سالمامدىكەن، كۆرۈڭلار.

راست ئۇ سېمىز ئادەم. دېگىنىنى قىلىدىغان ئادەم. ئۇنىڭ ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىگە قىلغان دوكلاتى، قاراشلىرى تېزلا قوللاشقا ئېرىشىپ، ھەر قايسى يېزىنىڭ باشلىقلىرىنى جەنۇبىي، شەرقىي جۇڭگونىڭ قىرغاقتىن ئارتۇق شەھەر - يېزىسىنى، خەنزۇلار رايونلىرىنىلا ئەمەس چاۋشيەنزۇ قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى، يېزا ئىگىلىكى، مەدەنىيەت - مائارىپى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىپ كەلدى.

— بىز ئەماكەنمىز، كۆزىمىزنى ئېچىپ قويدىڭىز. بولسا دېھقانلىرىمىزمۇ ئىچكى ئۆلكىلەرنى كۆرگەن بولسا تەرەققىياتىمىز باشقىچە بولاركەنتۇق، — دېيىشتى بۇرۇنقى ھەزىلكەش يېزا باشلىقلىرى چوڭقۇر خىيالغا چۆككەن ھالدا.

— مۇمكىن بولمايدىغان ئىشنى خىيال قىلماي كۆز ئالدىڭلاردىكى ئىشقا قاراڭلار. دۇنيا 20 - ئەسىرگە قەدەم قويغاندا ئېغىر ھاشار ئەمگەكى بىزدىلا قالدى. بۇنى

تۈگەتكىلى بولمىسىمۇ يېنىكلىتىشىنىڭ ئۆزىمۇ دېھقانلىرىمىز ئۈچۈن چوڭ ئازادلىق، خۇشاللىق ئەمەسمۇ؟

ئۇ سېمىز ئادەم، لېكىن شۇنچە كۆپ غەلۋە - غەۋغا ئىچىدە يۈرۈپ ھەم ئۇخلىيالايدۇ ھەم نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلاپ تاپالايدۇ. ئۇنىڭ مېڭىپ تېنىم تاپمايدىغان پۇتلىرى، قۇرۇپ كەتسىمۇ تىنماي سۆزلەيدىغان ئاغزى، توختىماي شىلتاپ تۇرىدىغان قوللىرى، كۈلكە - تەبەسسۇم ئۆچمەيدىغان كۆزلىرى مەكىتلىكلەرگە شان - شەرەپ كەلتۈردى - مەكىت ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا مەدەنىيەت پونكىتلىرى تۇنجى قېتىم ئومۇملاشقان ناھىيە بولدى. ئۆزىمۇ مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىلغار مەدەنىيەت كادىرى» بولۇپ شەرەپ مېدالىغا ئېرىشتى. ئۇ، يېزىلاردا قەرەل - پەسىل بويىچە ئاممىۋي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى مۇقىم، پىلانلىق ئېلىپ بېرىشنى قانۇنلاشتۇردى.

ئۇ سېمىز، كۆزى كۈلكىدىن قىسىلىپ تۇرىدىغان ئادەم، ئەمما كۆزى ئۆتكۈر ئادەم.

ئۇ ناھىيىلىك كىتابخانىغا كىتاب كۆرگىلى كىرىپ نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك كىتابلارنىڭ بېسىلىپ، توپا بېسىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ كۆزى نەملەشتى.

— بىر مەزگىلدىن كېيىن قەغەز زاۋۇتىغا جىڭلاپ ئۆتكۈزۈپ بېرىمىز، زىيان ئۈستىگە زىيان. پارتىيە - ھۆكۈمەت شۇنچە زىيان تارتىپ تۇرۇپمۇ بىزنىڭ خەلقىمىزنى كىتاب ئوقۇسۇن دەيدۇ. ئەمما بىزنىڭ خەلقىمىز ئاغزىنى پۇلنىڭ ھېرىدىن كېچەلمەيدۇ، - دېدى كىتابپۇرۇش ھەسرەت بىلەن.

— دېگىنىڭىز راست. ئەمما خەلقنىڭ قولىدىكى بىر تەڭگىدە مىڭ تەڭگىنىڭ ئوتى كۆيىدۇ. كىتاب ئوقۇش ۋاقتىمۇ ساناقسىز غايىبانە ئىشلار تەرىپىدىن ئوغرىلىنىدۇ. لېكىن ئەڭ ئاساسلىقى ئاشۇ تەڭگىنىڭ كۆيۈپ كېتىشى.

ئۇ بىر نەچچە كۈن ئۇيقۇسىنى قۇربان قىلىپ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر ھۆججىتىنى چىقىرىپ يېزا مەدەنىيەت پونكىتلىرىنىڭ قىرائەتخانىلىرىنى يېرىم يىلدا بىر قېتىم باھالاش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن يېزىلار جامائەت فوندىنىڭ 5 پىرسەنتىگە كىتاب سېتىۋېلىپ، قىرائەتخانىدا دېھقانلار ئۈزلۈكسىز يېڭى كىتاب ئوقۇيدىغان بولدى. باھاسىنى چۈشۈرۈپمۇ كىتاب ساتالماي قەغەز زاۋۇتىغا جىڭلاپ ئۆتكۈزىدىغان ناھىيىلىك كىتابخانىدا ھازىر كىتابلار بېسىلىپ قالىدىغان ئىشلارغا خاتىمە بېرىلدى. ھازىر مەكىتنىڭ يېزا مەدەنىيەت پونكىتلىرىنىڭ قىرائەتخانىلىرىدا بەزى تاپقىلى بولمايدىغان قىممەتلىك كىتابلارنىڭ بولۇشى مۇشۇ ئىشتىن بولدى.

70 - يىللاردا مەكىتلىكلەرنىڭ قولىدا «دولان ئەدەبىياتى» دەيدىغان بىر ئايدا بىر سان چىقىدىغان ئەدەبىيات گېزىتى پەيدا بولدى. بۇ گېزىت ھەتتا پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرىگىچە تارقىتىلىپ تۇردى. مەكىتتە خېلى كۆپ ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى بۇ گېزىتنى مەركەز قىلىپ خېلى جانلاندى. كىشىلەر ئۇنىڭدىن شېرىن لەززەتنىمۇ، ئاچچىق - چۈچۈك تەملەرنىمۇ تېتىدى. «دولان ئەدەبىياتى» — دولانلىقلارنىڭ ئەدەبىياتىدىن بەھىر ئېلىش، ئىجتىمائىيەتتىكى تۈرلۈك ھادىسىلەرنى ئەدەبىيات ۋاسىتىسى ئارقىلىق پەرق ئېتىش ئېڭىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. بۇ گېزىت مەكىت خەلقىنىڭلا ئەمەس باشقا جايلاردىكى قەلەمكەشلەرنىڭمۇ خېلى ئىشەنچىلىك سىرداشى بولۇپ قالغان ئىدى. مانا بۇ گېزىت يەنە بىر مۇنچە مەرىپەتپەرۋەرلەرنىڭ قولى بىلەن، يەنىلا ئاشۇ دىقماق قولىدىن چىققان ئىدى. مۇتەللىپ سېيىت ئۆزى باشلامچى بولۇپ شېئىر يازدى، ئىلمىي ماقالە، كىنو سىنارىيىسى يازدى. مانا شۇ

تۆرتكىلەر ئىچىدە كېيىنكى چاغلاردا خەلق ئارىسىدا چوڭ شۆھرەت قازانغان «دولان ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى ئالاقىچىلىك گېزىتىتىن تۇغۇلۇپ يېتىلدى. ئەمما يېڭى دۇنياغا كەلگەن بۇ كىچىككىنە بوۋاققا كۆز تەگدى.

ئۇ سوۋۇپ قالمىدى. ئەكسىچە، تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كۈچلۈك قوللىغۇچى قىلىپ تۇرۇپ «مەكىت ناخشىلىرى»، «دولان دەرياسى»، «دولان بۇژغۇنلىرى» قاتارلىق تەبىئرى بار كىتابلارنى ناھىيە نامىدىن نەشىر قىلدۇرۇپ تارقاتتى. ئۇنىڭ «دولان ياشلىرى»، «ئۇنتۇلماس گۈلسارە»، «جەڭگىدىلەر پەچىرلايدۇ» قاتارلىق كىنو سېنارىيىلىرى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەتبۇئاتلاردا نەشىر قىلىندى. «مۆڭگۈزدىكى ئامەت» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى بىلەن «ئاممىۋى مەدەنىيەت» ناملىق ئىلمىي تەتقىقات كىتابى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشىر قىلىپ جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى.

ئۇ سېمىز ئادەم، ئەدەبىياتنى، سەنئەتنى چىن كۆڭلىدىن سۆيىدىغان ئادەم. ئۇ ئەدەبىيات - سەنئەت ئۈچۈن ھېچقانداق ناھىيە قىلمىغان ئىشنى ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ تۇرۇپ قىلدى.

1976 - يىلدىن ھازىرغىچە بۇ ناھىيە ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت بويىچە يەتتە قېتىم كەڭ كۆلەملىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيەت يىغىنى ئېچىپ ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت تەۋەسىدە ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ شۇنداقلا كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ يۇقىرى باھاسىغا، قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كۆپلىگەن ئالىم، سەنئەتكار، تەتقىقاتچى، يازغۇچى، شائىرلار قايىللىق بىلەن: «مەكىت ناھىيىسى ئەدەبىيات - سەنئەت ناھىيىسى، بۇ ناھىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ھارۋىسىنى سۆرەۋاتقان ھېلىقى يارمىغان كۆتەكتەك مەرد يىگىت مۇتەللىپ سېيىت» دېيىشىدۇ پەخىرلىنىپ.

ئۇ سېمىز ئادەم، لېكىن ھېرىپ - چارچاشتىن قورقمايدىغان ئادەم.

ئۇ، ئېلېكتىر مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك بېسىمى ئاستىدا تىركىشىپ ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ قالالماقچى بولۇۋاتقان دولان مەشرىپى، ئۇسسۇلى، مۇقامىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ياشلارنى، دېھقانلارنى تۇركۇملەپ تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ ئۇلارغا مىللىي سەنئەت روھىنى سىڭدۇرۇشكە ئاجايىپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. بىر گۇرۇپپا ئادەمنى تەشكىللەپ ئاقسۇنىڭ ئاۋات ناھىيىسىگىچە بېرىپ دولان مەشرىپى، ئۇسسۇلى، مۇقامى، چالغۇلىرىنى تېخىمۇ تولۇقلاش، بىرلەشتۈرۈش، ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بىر ئاي ئەتراپىدا ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، ئەتراپلىق خاتىرە قالدۇردى.

1987- يىلى «قەشقەر گېزىتى» كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر خەۋەرنى گېزىتنىڭ باش ستونىغا بەردى. بۇ، مەكىت ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شۇ ناھىيىدىكى يازغۇچى، شائىر، رەسسام، سەنئەتكارلارغا 11 تۈرلۈك قولايلىق يارىتىپ بېرىش توغرىسىدىكى ھۆججىتى ئىدى. بۇ ھۆججەتنىڭ روھىدا: ئىجادىيەتچى مەيلى ناھىيىدىكى قايسى ئورۇندا بولسۇن، مۇقىم ئىجادىيەت پىلانىنى خەلق ھۆكۈمىتىگە سۇنسا تەستىقلاپ، شۇ ئىدارىدىن تەلەپ قىلغان رۇخسەت ۋاقتى بېرىلىدىغانلىقى جاكارلاندى. بۇ مۇتەللىپ سېيىت لايىھىلىگەن بىر ئېسىل ئەسەر ئىدى.

ئۇ، دېھقانلاردىن بىر مۇنچە رەسساملارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى. يېقىنقى ئون يىلدا ئون يەتتە قېتىمدەك مەملىكەت، ئاپتونوم رايون، قەشقەر ۋىلايىتىدىن تۈركۈملەپ مەشھۇر رەسساملارنى

تەكلىپ قىلىپ، دېھقان ياشلىرىدىن رەسساملارنى تەربىيىلەپ چىقتى. ئۇنىڭ يارىتىپ بەرگەن ماھارەت سەھنىسىدە يېتىشىپ چىققان دېھقان رەسساملىرىنىڭ رەسىملىرى پارىژ سەھنىسىگە بۆسۈپ كىرىدىغان ھاياتىي كۈچىنى نامايىش قىلدى.

ناھىيىلىك كۈتۈپخانىنىڭ يۇقىرى قەۋىتىدە ئىككى ئېغىزلىق پاكىزە ئۆي سەرەمجانلاشتۇرۇلغان. بۇ ئۆي ھەر قانداق جايدىن مەكىتكە تۇرمۇش ئۆگىنىش، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن كەلگەن قەلەمكەش ھەقسىز يېتىپ، يازىدىغان ئۆي دەپ بەلگىلەنگەن.

1987 ـ يىلى مەكىتتە ئاجايىپ ھەيۋەتلىك بىر ئىش بولۇپ ئۆتتى.

كەڭرى مەيدان ئەتراپىدا ئادەملەر پۇت قويغىدەك يەر قالماي قىستىلىشىپ تۇرىدۇ. بالىلار دەرەخكە قاغىدەك قونۇۋالغان.

مەيداندىن ئاجايىپ ھەيۋەتلىك، جەڭگىۋار ئوركېستىر مۇزىكىسى ساداسى ئىچىدە ئوتتۇرا ئەسىردىكى ھەربىي قوشۇندەك رەتلىك، ھەيۋەتلىك ئاتلىقلار ئون ئىككى قاتار بولۇپ رىتىملىق دەسسەپ پاراتتىن ئۆتمەكتە. ئەڭ ئالدىدا ئاپئاق كەككە ساقال، تۈلكە تۇماق، قارا تونلۇق، مۈرىسىگە شېرىق چۇچىلىق ئەلەم ئاسقان، سىيادەك قارا ئارغىماق مىنگەن پەرىشتە سۈپەت بىر بوۋاي ماڭدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئون ئىككى قاتار قارا كۆپە تۇماق، قارا تون، قارا ئۆتۈك كىيگەن، چېكىتتەك ئالىسى يوق سىيادەك قارا بەش يۈز ئاتلىق، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئاق تۇماق، ئاق تونلۇق، ئاق ئاتلىق 12 قاتار 500 ئاتلىق، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاتارى ھەم سانى ئوخشاش، قىزىل تونلۇق، چىلان تورۇق ئات مىنگەن سەپ ئۆتتى. ئاتلارنىڭ ھېچقاندىقىدا قايسى رەڭدە بولسۇن غەيرىي بىرەر رەڭ ئارىلاشمىغان ئىدى. ئەڭ ھەيران قالدۇرىدىغان يېرى، ئاتلارنىڭ داقا ـ دۇمباق ئوركېستىرغا ئادەمدەك قەدەملەپ مارشقا دەسسەپ مېڭىشى ئىدى. سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدا ماڭغان، ئەلەم ئاسقان ئاق ساقال بوۋاي ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئاتلىق قوشۇننىڭ پېشقەدەم سەركەردىسىگە ئوخشاپ قالغان ئىدى. بوۋاي ئاجايىپ جەسۇرانە، مەغرۇر، ھەيۋەت بىلەن ماڭدى. بۇ بوۋاي ئەمەلىيەتتىمۇ مەكىتنىڭ يىگىت بېشى ـ مامۇت شەيخ ئىدى.

ئاتلار قاتتىق مەشق كۆرگەن مۇنتىزىم ئارمىيىدەك پۇتلىرىنى تەكشى دەسسەپ ماڭغاندا پۈتۈن مەيدان گۈلدۈراس ئالقىش ساداسىغا چۆمدى. سەھنىدە ئولتۇرغان ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ھەيرەتتە قالدى. بىر مۇنچىلار ئىختىيارسىز كۆز يېشى قىلىشتى. مەكىت ناھىيىسى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن بىر خىل رەڭدىكى ئات يىغىپ، ئۇنى ئىككى ئاي مەشق قىلدۇرۇشقا نەچچە يۈز مىڭ يۈەن خەجلىگەن ئىدى. بۇ، مەكىتتە ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانلار تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ بىرىنچى پارات قوشۇنى ئىدى. بۇ كۆرۈنۈشنى ـ بۇ ئېسىل ئەسەرنى بىزنىڭ سېھىرلىك ئاكىمىز مۇتەللىپ سېيىت ياراتقان ئىدى.

ـ بۇنداق پاراتنى ئۆمرۈمدە كۆرمىگەن، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ كۆرەلمەسلىكىم مۇمكىن. ھەقىقەتەن كۆپ جاپا چېكىپسىز، رەھمەت سىزگە، ـ دەپ قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ئاپتونوم رايون رەھبىرى، مۇتەللىپ سېيىتنىڭ ھارغىن ئەمما ئەقىل ـ پاراسەت، ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇرغان قىزغىن كۆزلىرىگە قاراپ.

شۇنداق، بىزنىڭ بۇ ئاكىمىز تۇرغۇن

ئىشلارنى قىلدى. ھارغاندەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما ھېرىپ قالمىدى. ھازىر ئۇنىڭ نەۋقىران دەۋرى. ئۇ پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى. ئۇ يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلالايدۇ. 1990-يىلى كۈزدە مەكىتتە 40 مىڭ دېھقان قاتناشقان كۆلىمى ئەڭ زور، داغدۇغىسى ئەڭ ھەيۋەتلىك بولغان (تېخى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھېچقانداق ناھىيە قىلمىغان) مول ھوسۇلنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى قېتىملىق دېھقانلار سەنئەت بايرىمى بۇنىڭ كىچىك نامايەندىسى.

دېڭىز دولقۇنىدەك دەۋرەپ تىزغان شاۋقۇن-سۈرەنلىك ئادەملەر توپى ئارىسىدا ئاغرىپ تۇرغان پۇتىنى سەل ئاياپ دەسسەپ مېڭىپ قوچقار سوقۇشتۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىۋاتقان بىزنىڭ ئاكىمىز مۇتەللىپ سېيىت شۇ. ئۇ بۇ ئۇلۇغ ئەسەرنىڭ ئاپتورى ۋە رېژىسسورى، ئاشۇ قوچقار سوقۇشتۇرۇشنىڭ تىرېنېرى ئىدى.

ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى خوجەمشىڭ بىر كۈنى ئۇنى چاقىرتتى:

— بىر يىل قاپاقنى تۈرۈپ ئېتىزدا قورۇلۇپ تۈگەي دېدۇق. مانا كۈتكەن مول ھوسۇلنىمۇ ئالدۇق. ئاشقا، گۆشكە، پۇلغا تويدۇق، يەنە بىر يەرلىرىمىز ئاچ، سىز تويغۇزۇڭ، قېنىپ بىر خۇشال بولساق ھاردۇقىمىز چىقىدىكەن، — دېدى.

— ئىككى نەرسىنى بېرىڭ، كۈلدۈرەي.

— نېمە، پۇل بىلەن ھوقۇق؟

— ھەئە، شۇجى، دەل پۇل بىلەن ھوقۇق.

— بەردىم، تولۇق بەردىم. مەندىن باشلاپ سىزنىڭ قوماندانلىقىڭىز ئاستىدا.

— بولىدۇ.

بۇ ئىش راست. بىر ناھىيە خەلقىنىڭ بىر قېتىملىق كۈلكىسى ئۈچۈن ناھىيە 300 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل خەجلىدى. چەكسىز ھوقۇق مۇتەللىپ سېيىتنىڭ قولىدا بولدى.

ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى باشلىق بارلىق خەنزۇلار 15 كۈن دولان ئۇسسۇلىنى ئۆگەندى، دولان مەشرىپى ئۆگەندى.

— بىز دولاندا ياشىغانىكەنمىز، دولاننىڭ ئۇسسۇلىنى ئويناش ھەممىمىزنىڭ ئىشى. مەندىن باشلاپ كىم، قايسى خەنزۇ يولداش دولان ئۇسسۇلىنى بىلمەيدىكەن، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ كىشى دولانلىق ئەمەس. بۇ باش قوماندان مۇتەللىپ سېيىتنىڭ بۇيرۇقى، — دېدى ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى خوجەمشىڭ قىزغىن ئالقىش ساداسى ئىچىدە. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ ھەر كۈنى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىر دېھقاننىڭ يېتەكلىشىدە 15 كۈن دولان ئۇسسۇلى ئۆگەندى.

پۈتۈن زېمىن خۇشاللىققا چۆمدى. مۇتەللىپ سېيىت يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى سەنئەت ئىلاھىدەك مەڭگۈلىگەن جاپاكەش دېھقانلارنىڭ جىنگدە يىلتىزدەك قارا ھەم قورۇق چىرايغا، ئۇلارنىڭ ساددىلىقىدىن ھەممىنى ئۇنتۇپ كۈلۈشلىرىدىكى سۈكۈت ئىچىدە قاراپ تۇردى. ئۇ ھەقىچان ئۇلارنىڭ يەنە بىر خۇشاللىقى ئۈچۈن باش قاتۇرۇۋاتىدۇ.

1991-يىل 10-ماي، قەشقەر







(ئالتە كۆرۈنۈشلۈك ناخشا-مۇزىكىلىق دراما)

مۇھەممەتئېلى زۇنۇن

قاتناشقۇچىلار

گۈلئازات - پەرىزات...ئوقۇغۇچى، سىياسىي
قانۇن خادىمى.............25 _ 13 ياش

سادىر.....سىياسىي قانۇن خادىمى ... 55 ياش
ماھىرە... سىياسىي قانۇن خادىمى ... 35 ياش
ئەزىمەت ... سىياسىي قانۇن خادىمى...22 ياش

مۆمىن ئاكام مەجنۇن ... دېھقان ... 50 ياش
مەرۋايىت ...... ئارتىس، ئىشچى ... 37 ياش

ياقۇتنىسا...........ئارتىس .......... 37 ياش
ئەلھامجان ......ئوقۇتقۇچى، شائىر......40 ياش

ھىدايەت........فوتو سۈرەتچى...........45 ياش

بەي رەسسام......رەسسام، دالىيەندە......45 ياش

يەنسوجاڭ...شىنجىن ئالاھىدە رايونىدا...30 ياش

ئالماس بوۋا......سېكرېتار مازىن ......65 ياش

ئايپاشا...............ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەن
قىز............................23 ياش



زۇلھايات ............ئوقۇغۇچى........16 ياش
مىرزا ئەخمەت...قۇرۇلۇش ھۆددىگەرى...50 ياش
تۇراق چەپچى...........ئوغرى..........43 ياش
مەخمەت دابىزا......ئوغرى..............47 ياش
ئادىل..............ھاكىم..............41 ياش
خەلق ساقچىلىرى، پايلاقچىلار

## بىرىنچى كۆرۈنۈش

ۋاقتى: 1978 - يىلى 30 - ئىيۇن كېچىدىن 1 - ئىيول سۈبھىگىچە.

سەھنە: بىر ياقتا قويۇق بۇنجالىق، بىر ياقتا تىك يار. ئۇ يەر - بۇ يەردە غەلىتە، ئېگىز - پەس تېرەك، توغراق كۆتەكلىرى.

گۈلدۈرماما - چاقماقلار سەھنىنى لەرزىگە كەلتۈرۈۋاتقان بىر پەيتتە پەردە ئېچىلىدۇ.

يىراقتىن بىر نارەسىدە قىزنىڭ «ئاچا!... زۇلھايات ئاچا!...» دەپ توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. تاغلار ئەكس سادا قايتۇرىدۇ. گۈلدۈرماما بۇ سادانى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. ھاسىرىغان، دېمى سىقىلغان ھالدا «ئاچا، زۇلھايات ئاچا!...» دەپ توۋلىغىنىچە 13 ياشلىق قىز - گۈلئازات كىرىدۇ. ئۇ، ئاسما مايكا، قىسقا ئىشتان بىلەن، يالاڭ ياغ.

گۈلئازات: ئاچا، جېنىم ئاچا!... (كۆتەككە پۇتلىشىپ يىقىلىدۇ.) مېنى يۆلىگىنە، مېنى يۆلىۋالغىنە، زۇلھايات ئاچا! (ھالسىزلانغان گەۋدىسىنى كۆتەككە يۆلەيدۇ.) نەگە كەتكەنسەن، نەگىمۇ كەتكەنسەن، جېنىم ئاچا؟ جاپا - مۇشەققەتلىك سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى مەيدانىدىكى بىچارە ئاتام قېشىغا كەتكەنسەنمۇ، ئاچا؟ رەھمەتلىك ئانام قېشىغا... ياق - ياق، شۇم ئاغزىمغا تاش - تۇپراق!

ناخشا:

جان كۆيەر ئاچا، قەيەردەسەن ئۆزۈك،
نەۋ باھار ئاپتابىدەك نۇرلۇق يۈزۈك؟

مېھرىبان ئاچا، قەيەردە سەن ئۆزۈك،
تۆكتىمۇ قان يامغۇرى بىر جۈپ كۆزۈك؟

ئاھ جېنىم ئاچا، قەيەردە سەن ئۆزۈك،
بىمادار ئىنجانىغا جان بەرگەن سۆزۈك؟

زۇلھايات ئاچا، قەيەردە سەن ئۆزۈك،
كۆزگە سۈرتەي تۇتمىيا ئەيلەپ ئىزىڭ.

[نۇر چەمبىرىكى ئىچىدە زۇلھاياتنىڭ خىيالىي سىماسى پەيدا بولىدۇ.]

زۇلھايات: ئاھ، گۈلئازات، جانجىگەرىم ئەلۋىدا،

جان كۆيەردىم، كۆز گۆھەرىم، ئەلۋىدا!

گۈلئازات: (تەلپۈنۈپ) ئاچا، ئوبدان ئاچا!

زۇلھايات: بولمىدى ئارزۇ - مۇرادقا يەتكىلى،

بۇ جاھانغا پاك كېلىپ پاك كەتكىلى.

گۈلئازات: ئاچا، جېنىم ئاچا، ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن؟ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويىدۇم، بىرنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇم.

زۇلھايات: ھە؟ كىمنى ئۆلتۈرۈپ قويدۇڭ؟

گۈلئازات: ھېلىقى مەستنى، يۈزى قېلىن چالا مەستنى!

زۇلھايات: نېمە دەۋاتىدىغانسەن، گۈلئازات؟

گۈلئازات: يولۇڭغا تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. (زۇلھاياتنىڭ سىماسى غايىب بولىدۇ.) چۆچۈپ ئويغانسام.........

[ئىنكرانىدا بەد ھەيۋەت بىر قارا كۆلەڭگە پەيدا بولىدۇ، قوزغىلىدۇ.]

كۆلەڭگە: ئاچاڭ قېنى؟ زۇلھايات قېنى؟

گۈلئازات: ھە؟... كۆرمىدىم، بىلمىدىم.

كۆلەڭگە: شۇ چاغقىچە كەلمىگىنىگە قارىغاندا، غوجا ئاكام ئويغانغۇچە بويۇمنى سۇغا سېلىۋالغاچ تۇراي دەپتۇ - دە، بوپتۇ، ئۇ كەلمىسە، سەن بارغۇ؟

گۈلئازات: (ئۆزىنى قاچۇرۇپ) ئانا!

كۆلەڭگە: بولدى قوي، ئاناڭنىڭ ئەرۋاھىنى چاقىرىپ يۈرمە. ئون ئۈچ - ئون تۆت ياشقا كىرىپ قالدىڭ. قورقما، مە، ماۋۇ شىشىنى ئال. «غۇرت - غۇرت» ئىككى يۇتۇم ئىچىۋەتسەڭلا ھېچنېمىنى تۇيمايدىغان بولىسەن. تۇتە!

گۈلئازات: مېنى قويۇۋەتسىلە، ئۆيدىن چىقىپ كەتسىلە!

كۆلەڭگە: مۇنچە پىتىنگىلىما، ئاپئاق بىلىق! (تۇتۇپ، قوچاقلاشقا كۈچىگەن، قارشىلىق كۆرسەتكەن ئاۋازلار)

گۈلئازات: ئاي ئەممە! (شىشە بىلەن قاتتىق ئۇرغان ھالەت)

كۆلەڭگە: ۋاي - جان... (غايىب بولىدۇ.)

گۈلئازات: (قاتتىق سارائسىمە، ئىچىدە) ئانا!...

[خىلمۇ خىل قورقۇنچلۇق ئاۋازلار ئاڭلىنىدۇ. كۆتەكلەرگە كۆز، قۇلاق ئېغىز پەيدا بولىدۇ. بۇ كۆز - ئېغىزلاردىن سوغۇق كۆكۈش نۇر ۋە ئوتتەك قىزىل نۇرلار يېنىپ-ئۆچۈپ تۇرىدۇ. گۈلئازات ئالاقزادىلىك ئىچىدە تىرەجەيدۇ، كۆتەكلەر ئىز بېسىپ كېلىدۇ.]

سىرتتىن ئاۋاز: شېچاڭنى ئۆلتۈرگەن قاتىل، توختا!

— نەگە قاچماقچىسەن، ئەي كىچىك ئالۋاستى!؟

— ئاسماندا تور، يەردە قاپقان،
— تور، قاپقاندىن كىم قېچىپ باققان؟
— سەن قاتىلنى تاپىمىز - تاپقان!
— پۇت - قولۇڭنى چاقىمىز - چاققان،
ئاتىمىز - ئاتقان!

(بۇ ئاۋازلارغا قايتارما سادالار، جاراڭ-جۇرۇڭ، گۇمبۇر-گۇم ئاۋازلار قوشۇلۇپ، ئاجايىپ سۈرلۈك-تىلسىماتلىق مالەتنى شەكىللەندۈرىدۇ.)

گۈلئازات: (ئىككى قولىقىنى ئالقىنى بىلەن ئېتىۋېلىپ) ئانا، جېنىم ئانا، ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن؟ ئوبدان ئاچا، ئەمدى مەن نەگە بارىمەن؟

زۇلھايات: (خىيالىي سىما)

كەل غېرىب - بىچارە سىڭلىم، بۇ گۈزەل دۇنياغا كەل،
ئۆز ئاناڭ، ئاچاڭ قېشىغا - جەننەتۇل مەئۋاغا كەل.
سولدى ئۆمرۈڭ غۇنچىسى چاڭقاپ مۇشەققەت دەشتىدە،
پاكلىقىڭچە كەل بۇياققا، كەۋسىرى دەرياغا كەل!

گۈلئازات: ياق، دەرياغا چۈشمەيمەن، يىرتقۇچ لەھەڭ - تىمساقلاردىن قورقىمەن!

زۇلھايات: ئادەم سۈرەتلىك لەھەڭ - تىمساقلار ئارام بېرەمدۇ ساڭا؟ پىنھان قەبرىلەر قوينىغا كىرىۋال ئەممە.

گۈلئازات: ياق - ياق، زەھەرلىك دۈ - چايانلاردىن قورقىمەن. قاناتلىق قارا چۈمۈلە، سېرىق چۈمۈلىلەردىن قورقىمەن.

زۇلھايات: ئۆز يولۇڭنى ئۆزۈڭ تاللا ئەممە. خەير - خوش جان - جىگەر سىڭلىم! (غايىب بولىدۇ).

گۈلئازات: ماقۇل ئاچا، ماقۇل.

نەزم:

لاتاقىلىق قاينامدا ئۆلگۈم يوق مېنىڭ،
ھەم قارا يەرگە كۆمۈلگۈم يوق مېنىڭ.

كۆككە ئۇچسام، ئالسا ئاي ئۆز قوينىغا،
چىڭ ئېسىلسام ئول پەرىشتە بوينىغا.

مەنمۇ بوپقالسام تولۇنئاينىڭ قىزى،
كەڭرى ئاسمان شەھرىنىڭ بىر يۇلتۇزى.

(ئاستىلاپ مېڭىپ يار ئۈستىگە چىقىدۇ.)

ئاي ئىسىملىك ئەي پەرىشتە، نەدىسەن؟
بىر ساڭا باغلاندى رىشتە نەدىسەن؟

شور پېشانە قىز ئىكەنمەن بەختى كاج،
ئەي پەرىشتە، رەھىم قىل، قوينۇڭنى ئاچ!
(ياردىن ئۆزىنى ئاتىدۇ).

[كۆك گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىلىدۇ. ئېغىر يۈك بېسىلغان كونا ماشىنىنىڭ دۆڭگە چىقىپ كېتىۋاتقانلىقى ھارغىن گۈلدۈرلەش ئاۋازى، سىگنال ساداسى ئاڭلىنىدۇ ۋە يىراقلىشىدۇ. ماشىنا چىراغلىرىنىڭ نۇرى بونجالىق تەرەپنى يورۇتۇپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلايدۇ. خوراز چىللايدۇ. «گۈلئازات، ئامراق قىزىم گۈلئازات!» دېگەن ھەسرەتلىك نىدا ئاڭلىنىدۇ. زۇلھاياتنىڭ جەسىتىنى كۆتۈرگەن مۆمىن ئاكا كىرىدۇ. ئۇ، 37 — 38 ياشلاردىكى، يارىشىملىق بۇرۇت قويغان قاۋۇل ئادەم. پۇچقاقلىرى يوتىسىغىچە تۈرۈلگەن، يالىڭاياغ.]

**مۆمىن ئاكا:** گۈلئازات، كۆز گۆھىرىم گۈلئازات، سەن نەدىسەن؟ سەن قەيەردىسەن؟ ئاھ، خۇدا!

ناخشا:

ئېيتقىنا، بەندەڭنى خار - زار ئەيلىگەن
كىم، ئېيتقىنا،
مەڭگۈ ھەسرەتكە مېنى يار ئەيلىگەن
كىم، ئېيتقىنا.

ئاق كۆڭۈل بەندەڭگە بەرمەي ئۈچيۈز
ئاتمىش ئارام،
مۇنچە كۆلپەتكە گىرىپتار ئەيلىگەن
كىم، ئېيتقىنا.

داغى پەرزەنتلىك ئوتىدا بىر ئەمەس، مىڭ
كۆيدۈرۈپ،
بى داۋا، سەۋدايى بىمار ئەيلىگەن كىم
ئېيتقىنا.

بىگۇناھ بەندەڭنى دەسسەپ - چەيلىگەن كىم،
ئېيتقىنا.
كەڭ جاھاننى مۇنچىلىك تار ئەيلىگەن
كىم، ئېيتقىنا!

[«مۆمىن ئاكا!» دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ ئىلھامجان، مەرۋايىت، ھىدايەتلەر كىرىدۇ.]

**مەرۋايىت:** نېمە ئىش بۇ، مۆمىن ئاكا؟

**ئىلھامجان، ھىدايەت:** زادى نېمە ئىش؟!

**مۆمىن ئاكا:** بىلمىدىم، يۇرتداشلىرىم، ھېچ بىلمىدىم. كېچىلەپ رۇخسەت سوراپ كېلىپ، ئەمدىلا دەريادىن ئۆتەي دەۋاتسام، لاي - لاتقا ئىچىدە ياتامدۇ بۇ بالا! ئاھ، خۇدا!...

**مەرۋايىت:** ئىست، ئەمدىلا 16 ياشقا قەدەم قويغان بىر نارەسىدە ئىدى. (كۆڭلىكىنى قايرىپ بېقىپ، ئۆز - ئۆزىگە) ھە!؟ ئاغزىدىن ئانا سۈتى تېمىپ تۇرغان گۆدەككە - ھە؟

**مۆمىن ئاكا:** ئەس - ھوشۇمنى يوقاتقان ھالدا ئۆيگە كېلىپ قارىغۇدەك بولسام، ئىشىك - دەرۋازىلار داغدام ئوچۇق. ئاھ، بالام، سېنى بۇ ھالدا تاپتىم، سىڭلىڭنى نە ھالدا تاپارمەن!؟ ئاھ، ئەزىزلىرىم، جېنىم قىزلىرىم، قوش مېغىزلىرىم!...

**ئىلھامجان:** (يەرگە سىنچىلاپ قاراپ) ئىز تۇرۇدىغۇ بۇ يەردە، كىچىك بالىنىڭ يالىڭاياغ ئىزى؟

**مۆمىن ئاكا:** ئىز!؟ (ئىگىشمەكچى بولىدۇ.)

**مەرۋايىت:** مۆمىن ئاكا، مەن ئالاي. (مېيىتنى كۆتۈرىدۇ.)

**مۆمىن ئاكا:** شۇ، قىزىم گۈلئازاتنىڭ ئىزى شۇ! (ئىلھامجاننىڭ ئىزنى بويلاپ ماڭىدۇ.)

ئەلھامجان: (يار ئۈستىدە توختاپ) مانا بۇ يەردە توختاپتۇ. ئارقىغا يانغان - قايتقان ئىز يوق.

مۆمىن ئاكا: (ھاسراپ - ھەممىدەپ، يېتىلىپ - قوپۇپ، يار ئۈستىگە چىقىپ) راست، قايتقان ئىز يوق. (بىردىنلا) تاشلاپتۇ!

مەرۋايىت
ھىدايەت: ھە؟!

مۆمىن ئاكا: ئۆزىنى تاشلاپتۇ!

مەرۋايىت
ئەلھامجان: ئاھ، خۇدا!
ھىدايەت

مۆمىن ئاكا: كېتەي، تارتىشىدىغان نېمە قالدى بۇ دۇنيادا؟ مەنمۇ كېتەي! خوش، ئەلھامجان مۇئەللىم، خش، ھىدايەت ئەپەندىم، خوش، مەرۋايىت، رازى بولۇڭلار.

ئەلھامجان
ھىدايەت: مۆمىن ئاكا! (تۇتۇۋالىدۇ.)

مۆمىن ئاكا: (كۈچەنجىپ) تۇسىماڭلار، مېنى قويۇۋېتىڭلار! كېتەي، ياش ئۆلۈپ كەتكەن قەدىناسىمنىڭ قېشىغا كېتەي، ئامراق باللىرىم قېشىغا كېتەي. ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا خوش بولۇپ كېتەي، مېنى قويۇۋېتىڭلار!

مەرۋايىت: چىڭ تۇتۇڭلار، قويۇۋەتمەڭلار!

[ئادىل كىرىدۇ. بېشى تېڭىلغان، پۇشقاقلىرى تۇرۇلگەن، يالاڭئاياغ. بىر قولىدا ئۇزۇن ھاسا تاياق، يەلكىسىدە بىر جۈپ ئاياغ، ئۆزى ھارغىن - دەرمانسىز.]

ئادىل: نېمە ئىش ئۇ؟

مەرۋايىت: قارىسىلا، شېجاڭ!

ئادىل: (جىددىي) تۇتۇۋېلىڭلار!

ھىدايەت: ھوشىدىن كەتتى!

ئادىل: ئېلىپ چۈشۈڭلار، ئاۋايلاڭلار - ھە! (مېيىتنىڭ يۈزىنى ئېچىپ) مۆمىن ئاكامنىڭ چوڭ قىزىدەك تۇرامدۇ نېمە؟

مەرۋايىت: ھەئە. بىر مەلئۇننىڭ دەپسەندە قىلىشىغا ئۇچراپ ئۆزىنى دەرياغا ئاتقانمۇ ياكى شۇ مەلئۇننىڭ ئۆزى تاشلىۋەتكەنمۇ، بىلمىدۇق، شېجاڭ. گۇۋلىزاتىمۇ يوق. ئۇمۇ بۇۋاپاسىز دۇنيا بىلەن مەڭگۈ خوشلاشقاندەك تۇرىدۇ!

ئادىل: ھە؟! (ھاسا تاياق چۈشۈپ كېتىدۇ، دەلدۈگۈنۈپ كېتىدۇ.)

مەرۋايىت: ھىدايەت!

ھىدايەت: (ئەلھامجان مۆمىن ئاكىنى ھاپاش قىلىپ كېلىۋاتقان، ھىدايەت يۆلەپ) شېجاڭ! (يۆلىۋالىدۇ.)

ئادىل: (ئېغىر نەپەس ئالغان قىياپەتتە) ماڭا قارىماڭلار، دوختۇرخانىغا چېپىڭلار، مۆمىن ئاكامنى جىددىي قۇتقۇزۇڭلار!

ئەلھامجان
مەرۋايىت: بولىدۇ. (ئەلھامجان مۆمىن ئاكىنى ھاپاش ئەتكەن، مەرۋايىت مېيىتنى كۆتۈرگەن ھالدا ئالدىراش چىقىپ كېتىدۇ.)

ئادىل: ئۇھ، مەن بولالمىدىم. يۈرىكىم سىقىلىپ كېتىۋاتىدۇ، تىنالمايۋاتىمەن. نېمانچە دەھشەتلىك پاجىئەدۇ بۇ؟ بەش خىل ئۇنسۇرلارنىڭ قايسىسى قىلغان قاتىللىقتۇ بۇ؟ ۋاي يۈرىكىم، غەلىتە بولۇپ كېتىۋاتىمىنا.

ھىدايەت: ھاپاش قىلىپ ئەپكېتەيمۇ؟ (تۇساتتىن) شېجاڭ، نېمىشقا بۇرۇنراق كۆرمىگەندىمەن پېشانىلىرىنى؟ نېمە بولدى؟ بەش خىل ئۇنسۇرلارنىڭ بىرەرسى بىلەن بەل تۇتۇشۇپ قالدىلىمۇ يا؟

ئادىل: مەن بىلەن بەل تۇتۇشۇشقا پېتىنەلىغۇچىلارنىڭ جېنى ئۇنىمكەن؟ راستىنى ئېيتسام، بۇ جاراھەت كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان سىنىپىي قېرىنداشلىرىمنىڭ تىنچ - ئامانلىقىنى قوغداش يولىدا چەككەن

كېچىكىنە رىيازەتنىڭ ئۆچمەس بەلگىسى.

ھىدايەت: كېچىدىن بۇيان چەككەن رىيازىتىڭمۇ؟

ئادىل: شۇنداق. «تۆت زىياندىش»نىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلغىنىمىزغا ئەمدىلا ئىككى يىل بولاي دېدى. خەتەرلىك ساتما - ئۇچما سارايلاردا تۇرۇۋاتقان سىڭىمنى قېرىنداشلىرىمىز ئاز ئەمەس. مۇنداق گۈلدۈرماما - چاقماقلىق كېچىلەردە ئۇلارنى يوقلىماي تۇرالامدىمەن، ئارامخۇدا ئۇخلىيالامدىمەن؟

ھاياجانلىق نەزم:

تۇرسا تەشۋىش ئالقىنىدائەل - ئاۋام،
بىر نەپەس قانداق ئالاي ھاردۇق - ئارام؟

[مەرۋايىت كىرىدۇ، ئۆزىنى چەتكە ئالىدۇ.]

بىر جاپاكەش يۇرتىدىشىم تۇرغاندا ئاچ،
بولمىغايمۇ مەن يېگەن ئاش - نان ھارام؟

بۇ جاپاكەش خەلق - خوجايىن،مەن-چاكار،
خەلق ئاتامدۇر، جانىجان يۇرتۇم - ئانام.

پاك - دىيانەتلىك ئۆزۈم، داغسىز يۈزۈم،
خالىيدۇرمەن زەررە ئىللەتتىن تامام.

رازىمەن، مىڭ رازىمەن كەتسەم كۆيۈپ،
نۇر تۆكۈپ ئۆچكەن كەبى بىر دانە شام!

ھىدايەت: ئادىل شېجاڭ! (سۈرەتكە تارتىۋالىدۇ).

ئادىل: نېمە قىلغىنىڭ بۇ، ھىدايەت؟ بۇ ئاپپاراتنى مەن داۋاملىق مېنىڭ سۈرىتىمنى تارتسۇن، مېنى تەشۋىق قىلسۇن دەپ ئىنئام قىلغانمىدىم ساڭا؟ سېنىڭ تەشۋىق قىلىدىغىنىڭ - خەلق. خەلق - ھەقىقىي قەھرىمان.

مەرۋايىت: ئادىل شېجاڭ؟ (قىزغىن ھېسسىيات بىلەن كېلىپ) بۇ پېشانىلىرى؟... (بىردىنلا ئۆزگىرىپ) پەۋپ، ئېشەك ئۆلۈۋاتسا، قۇيرۇقى غېجەك تارتىپتۇ، دېگەندەك بىر ئىشقۇ بۇ؟ (يىراقلىشىدۇ.)

ئادىل: نېمە گەپ، مەرۋايىت؟

مەرۋايىت: تومۇز ۋاقتى، مەيىت تۇرۇپ قالسا سېسىيدۇ، يەرلىكىدە قويۇۋېتەيلى. سىڭلىسىنىڭ ئۆلۈك - تىرىكىنى ئىزدەيلى دېسەك، ئاتىسى بەھوش، ئىگە - چاقىسى يوق.

ئادىل: ئاتىسى يوق، ئىگە - چاقىسى يوق دېگەن قانداق گەپ؟ مەن گۇڭشېنىڭ باشلىقى، يۇرتنىڭ ئاتىسى. مېيىتنى ئۇزىتىدىغانمۇ مەن، ئىز - دېرەكسىز غايىب بولغاننى ئىزدەپ تاپىدىغانمۇ مەن. بالا دەردىدە نىمجان بولغان سىڭىمنى قېرىنداشقا خەيرىخاھلىق - ئاتىدارچىلىق قىلىدىغانمۇ مەن! يۈرۈڭلار! (ھىدايەتنى ئەگەشتۈرۈپ، چوڭ- چوڭ چامداپ، ئىتتىك چىقىپ كېتىدۇ.)

مەرۋايىت: تووۋا، نېمانداق چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئادەمدۇ ئۇ؟

(چىراغ ئۆچىدۇ، پەردە چۈشىدۇ.)

## ئىككىنچى كۆرۈنۈش

ۋاقتى: 1990 - يىل ياز، كۈندۈز.

سەھنە: تاغ ئىچىدىكى بۇلاق، بۇلاق بېشىدىكى بىر تۈپ قارىياغاچقا قول سومكا، كوپتا، نېپىز رومال لار ئېسىقلىق. سادىر ئاكا يىراق تاغلارغا تىكىلگەن ھالدا ئۆزىنى يەلپۈۋاتقان، ماھىرە ھۆل لۆڭگە بىلەن بويۇن - بىلەكلىرىنى سۈرتۈۋاتقان، پەرىزات ئوچۇملاپ سۇ ئىچىۋاتقان ھالدا پەردە ئېچىلىدۇ.

ماھىرە: ئۇھ، جاننىڭ راھىتى ئىكەنغۇ؟

پەرىزات: (ئۇچۇملاپ سۇ ئىچىپ، ئاغزىنى سۈرتۈۋېتىپ، شائىرانە ھېسسىيات بىلەن)

كەلدى ئۆز ئەسلىگە دەرمانىم - كۈچۈم،
تەشنالىق يەتكەندە ئىچىپ بىر ئۇچۇم.

ماھىرە: ۋاھ، قالتىسقۇ، پەرىزات؟

پەرىزات: قالتىسلىقىمىزنى بىلەتتىڭىزغۇ، ماھىرە ھەدە؟

سادىر ئاكا: ناھايىتى ئوبدان باشلىدىڭىز. قېنى، داۋاملاشتۇرۇڭ، پەرىزات.

پەرىزات: بىز دېگەن «ئاز بولسۇن، ساز بولسۇن» دېگەن پرىنسىپقا سادىق شائىرلاردىن. تاتلىقىنا ئىككى مىسرا ئوقۇۋەتتۇق، بولدى. ھازىر دېگەن «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىدىغان، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايرايدىغان» چاغ.

ماھىرە: بىزنى سايرىيالمايدىغان گاچا قۇش چاغلاۋاتامسىز، پەرىزات؟ ئاڭلاپ قويۇڭ ئاۋازىمىزنى!

ئەزىمەت: (چىلەك كۆتۈرۈپ كىرىدۇۋېتىپ توختاپ قالىدۇ.)

ماھىرە: ئاھ، بۇلاق، راھىتىم-ئارامىم، بۇلاق،
شەربىتىم - قىيامىم، مەي جامىم بۇلاق.
قايىنىشىڭ - مۇزىكا، شاۋقۇنۇڭ - غەزەل،
لەززىتىڭ - بەھرىڭدە ئىلھامىم بۇلاق.

ئەزىمەت: (چاۋاك چېلىپ) قالتىس كەلتۈرۈۋەتتىڭىز، ماھىرە ھەدە!

پەرىزات: شېئىرنى چۈشىنىدىغاندەكلا باھا بېرىپ كەتتىڭىزغۇ، ئەزىمەت ئۇستام!

ئەزىمەت: پېقىرنى بوش چاغلاۋاتامسىز، پەرىزات؟ كۆرۈپ قويۇڭ كارامىتىمىزنى! (تاغلارنى، ئاسماننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، بىر خىل قىزىقچىلىق بىلەن دېكلاماتسىيە قىلىدۇ:)

بۇلاقلار،
بۇلاقلار،
ئاھ، مۆلدۈرلىگەن بۇلاقلار،
لۆمۈلدىگەن بۇلاقلار.
شارقىرىغان،
شاۋقۇنلىغان،
گۈلدۈرلىگەن بۇلاقلار،
گۈمبۈرلىگەن بۇلاقلار،
ئاھ، مۆلدۈرلىگەن بۇلاقلار...

ماھىرە: (كۈلكىدىن ئۆزىنى تۇتالماي) ئۇچىيىم ئۈزۈلەي دېدى، بولدى قىلىڭ.

پەرىزات: «لۆمۈلدىگەن بۇلاقلار» - ۋاي ئۆلەي، قانداق شېئىر بۇ؟

ئەزىمەت: بۇ دېگەن زامانىۋى شېئىر (كۈلكە)

سادىر ئاكا: (تۇساتتىن ناخشا، ئاجايىپ مۇڭلۇق بىر ناخشا!

ھەممە: (بىردىنلا توختاپ) راست!

سادىر ئاكا: ئاپئاق ساقاللىق بىر پېشقەدەم زات كېلىۋاتىدۇ!

ماھىرە: پەرىشتە كېلىۋاتىدۇ، پەرىشتە. (قارىياغاچقا ئېسىقلىق كوپتىسىنى كىيىدۇ، رومال ئارتىدۇ.) پەرىزات. (رومال ئارتىۋېلىڭ دېگەن ئىشارەت.)

پەرىزات: (ماقۇللۇق بىلدۈرىدۇ، رومال ئارتىدۇ، تۈرۈلگەن يەڭلىرىنى چۈشۈرۈپ تەييار تۇرىدۇ.) راست، ئۇنىڭ ئالغۇغا ئېلىۋالاي. (سومكىنى قولىغا ئالىدۇ.)

مۆمىن ئاكا: (سىرتتىن ناخشا:)

ئاھ، پەلەك، تەتۈر پەلەك،
زۇلمىڭدا قانلىق داغ يۈرەك.
يوقمىدۇ بىر ياخشى ھاكىم
ئاشۇ مەككاردىن بۆلەك؟

(كىرىدۇ)

سادىر ئاكا / ئەزىمەت: ئەسسالامۇئەلەيكۇم، مۆھتەرەم ئاتا.

ماھىرە
پەرىزات : ئەسسالام، ئاتا.

مۆمىن ئاكا: ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، بالىلىرىم. (ناخشىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.)

ئاھ، پەلەك، قانلىق يۈرەك،
مەندەك غېرىبقا كىم يۆلەك؟
جانغا يەتتى قوش پىچاق،
سەۋرى - قانائەت نە كېرەك؟

سادىر ئاكا: كەلسىلە، ئاتا، كەلسىلە.

مۆمىن ئاكا: (ئولتۇرۇپ) دىدار غەنىمەت، بالىلىرىم، پۇرسەت غەنىمەت. ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر.

پەرىزات: شۇنچە ئۇزاق يوللارنى پىيادە بېسىپ كەلگەنىدەك تۇرىدىلا، ئاتا. چاڭقىغانلا. مارجان بۇلاق قىيامىدىن قانغىچە ئىچسىلە. (كورۇشكىنى چايقاپ تۆكۈۋېتىپ، سۇ ئېلىپ ئۇزۇتىدۇ.)

مۆمىن ئاكا: (پەرىزاتنىڭ چىرايىغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ) ئىسمىڭ نېمە، قىزىم؟

پەرىزات: ئىسمىم پەرىزات، ئاتا.

مۆمىن ئاكا: ۋاھ، راستىنلا پەرىزات ئىكەنسەنغۇ، ئايدىن چۈشكەن پەرىزات! قانچە ياشقا كىردىڭ، پەرىزات قىزىم؟

پەرىزات: 20 ياشقا كىردىم، ئاتا.

مۆمىن ئاكا: ئاتا - ئاناڭ بارمۇ، قىزىم؟

ماھىرە: ئانىسى قازا تاپقان، ئاتىسى مۇشۇ يەردە.

ئەزىمەت: جان-جىگەر ئاچىسىمۇ بارتېخى!

مۆمىن ئاكا: (ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدۇ)

سادىر ئاكا: ھۆرمەتلىك ئاكا:

«ئاھ پەلەك، تەتۈر پەلەك،
زۇلمىڭدا قانلىق داغ يۈرەك.
يوقمىدۇ بىر ياخشى ھاكىم
ئاشۇ مەككاردىن بۆلەك؟» بۇ - ھېلىلا ئۇزلىرى ئېيتقان ناخشا.

مۆمىن ئاكا: شۇنداق.

ئاھ، پەلەك، قانلىق يۈرەك،
مەندەك غېرىبقا كىم يۆلەك؟
جانغا يەتتى قوش پىچاق،
سەۋرى - قانائەت نە كېرەك؟ - بۇمۇ پېقىر ئېيتقان ناخشا!

سادىر ئاكا: ھۆرمەتلىك ئاكا. مۇبارەك ئىسمىم - شەرىپىلىرىنى، چەكسىز قايغۇ - ھەسرەت، ئۆچمەس قەھرى - غەزەپ بىلەن ئۇزۇن سەپەرگە تەنھا ئاتلانغانلىقلىرىنىڭ سەۋەبلىرىنى سوراشقا بولارمۇ؟

مۆمىن ئاكا: يۇرتىمىزدىكى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مېنى «مۆمىن ئاكام مەجنۇن» دەپ ئاتايدۇ.

سادىر ئاكا
ماھىرە : «مۆمىن ئاكام مەجنۇن»؟

مۆمىن ئاكا: ئالغىنا. مۇزدەك شەربىتىڭدىن يەنە بىر ئالغىنا، پەرىزات قىزىم.

پەرىزات: ماقۇل، ئاتا. (كورۇشكىنى يەنە چايقىۋېتىپ، سۇ ئېلىپ ئۇزۇتىدۇ) ئىلتىپات قىلسىلا، ئاتا.

مۆمىن ئاكا: (ئۇنىڭ قائىدە - يوسۇنلۇق ھەرىكىتىگە قاراپ زوقلىنىپ) مانا، خىسلەت - پەزىلەت بابىدىمۇ كامالەتكە يەتكەن پەرىزات ئىكەنغۇ. (ئىچىۋېتىپ) رەھمەت، قىزىم.

پەرىزات: ئەرزىمەيدۇ، ئاتا.

مۆمىن ئاكا: ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بېرىپ تۇرغىنىمدا دادام ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى، ئۇنىڭ كەينىدىن ئانامۇ ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالدى. «كۆزدىن ئايرىغان خۇدا ھاسىسىدىن ئايرىماپتۇ» دېگەندەك ئاتا - ئانامدىن ئايرىغان خۇدا ماڭا بىر ياخشى مەھبۇب ئاتا قىلدى. ئۇ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى، مەن دادۈي كاسسىرى ئىدىم. ئىككى بالىنىڭ ئانىسى، مېھرى- مۇھەببەتلىك

بىر ئائىلىنىڭ باشلىقى ئىدىم. ئۈشتۈمتۇت چىققان بىر قارا بوران - باشقا بالا، جانغا جازا ئاشۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن دەھشەتلىك قارا بوران! ... (بىر دەم ئۈلۈغ - كىچىك تىنىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن) ئايالىم «قارا يىسىپ» دەپ كۆرەش قىلىندى، ئۇرۇلدى، سوقۇلدى. ئاخىرى «ئاھ، شور پېشانە قىزلىرىم!» دەپلا قۇچۇقۇمدا جان ئۈزدى.

پەرىزات: (يىغلاپ تاشلايدۇ.)

ماھىرە: (پەس ئاۋاز بىلەن) ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، پەرىزات. (كۆز يېشىنى سۈرتىدۇ.)

مۆمىن ئاكا: ئايالىمنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسى بولىدىغان. تاماكا تارتىش، قىسىپ تارتىش، قىز ساۋاقداشلىرىغا بەدقىلىقلىق قىلىشتەك قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن مەكتەپتىن قوغلاندى قىلىنغان ئىدى. ھېلىقى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» ئۇنى بۇرژۇئا ئەكسىيەتچىل مائارىپ لۇشيەنىنىڭ دەھشەتلىك زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان بىر«ئىنقىلابىي يولداش»قا، ھەتتا قالتىس بىر «قەھرىمان»غا ئايلاندۇرۇپ قويدى. يىللار ئۆتتۈۋەردى، ئايالىمنىڭ ئۈشتۈمتۇت قازا قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان بۇ قارا نىيەتكە بەخت - ئامەت، پېقىرغا بولسا، قايغۇ - كۈلپەتلەر كېلىۋەردى. گۈلدۈرمە - چاقماق قىلىق بىر كېچىنىڭ ئۆزىدىلا بىر جۈپ گۆھىرىمدىن ئايرىلدىم، بىرى، قارا تۇپراق قۇچىقىدا، يەنە بىرىنىڭ ئۆلۈك - تىرىكلىكىنى بىلمەيمەن. كونىلار: «قىزىڭنى پەرىشتە - مالائىكىلەر ئەرشكە ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ» دېيىشىدۇ. دېمىسىمۇ، پەرىشتە - مالائىكىلەرنىڭ كۆزى چۈشكىدەك چىرايلىق قىز ئىدى. قاچانلا بولمىسۇن «ئاسمىنىڭدا ئاي بولۇپ، جىمى ئالەمنى تەڭ كۆرسەم؛ نۇر قوينىغا ئالەمنى چۆمۈلدۈرسەم، كۈلدۈرسەم» دەپ ناخشا ئېيتىپ يۈرىدىغان ... 12 يىلدىن بۇيان بالا دەردىدە ۋەيرانىمەن، دەشت - باياۋان كېزىپ يۈرگەن توختىماس كارۋانىمەن، ئاچچىق ئەلەم، ئۆچمەس قەھرى - غەزەپ ئىچىدە پۇغانلىق ناخشا ئېيتىپ يۈرگەن سەۋدايى غەزەلخانىمەن

ئەزىمەت: ھېچبىر دەرد تارتقاندەك، رىيازەت چەككەندەك تۇرمايدىلا، بوۋا.

مۆمىن ئاكا: دۇرۇس، ئوبدان تۇردۇم، بىجىرىدىم تۇردۇم. نېمىشقا شۇنداق؟ چۈنكى سان - ساناقسىز ياخشى ئادەملەر ماڭا ئۆز مېھرى - مۇھەببىتىدىن ھاياتلىق شەربىتى ئىنئام قىلدى. تۇرۇپ - تۇرۇپ نام - نىشانى مەلۇم بولمىغان خەت - چەكلەرنى تاپشۇرۇۋالىمەن: «قىزىم يوق دەپ قايغۇرماڭ، ئاتا، مەن سىزنىڭ ئۆز قىزىڭىز»، «ئوغلۇم يوق دەپ قايغۇرماڭ، ئاتا، مەن سىزنىڭ ئۆز ئوغلىڭىز»، «ئازغىنا پۇل، خىراجەت قىلىپ تۇرۇڭ، ئاتا»، «دورا ئەۋەتتىم، چۈشەندۈرۈشكە دىققەت قىلىڭ»، «قايغۇرماڭ، ئۈمىدۋار بولۇڭ، باسقان ئىزىڭىزدىن قايتماڭ، ئاتا، غەلىبە ئالدىڭىزدا!»

سادىر ئاكا: شۇنداق قىلىپ، ئون نەچچە يىلدىن بۇيان سۆزلىرى ئۆتمىدى، ئەرزلىرى ئاقمىدى، يولدىنمۇ قايتمىدىلا، شۇنداقمۇ؟

مۆمىن ئاكا: شۇنداق، ئەپەندىم.

سادىر ئاكا: نېمىشقا؟

مۆمىن ئاكا: ئۇنىڭ بىر جۈپ سېھىردي ئەڭگۈشتىرى بولغانلىقى ئۈچۈن.

سادىر ئاكا: «بىر جۈپ سېھىردي ئەڭگۈشتەر»؟

مۆمىن ئاكا: شۇنداق، ئۆزى ئۈچۈن سىرلىق ئەڭگۈشتەر، نىقاب، شوتا، بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىر جۈپ خەتەرلىك كالتەك، زەھەرلىك قوش مۈڭگۈزا…

سادىر ئاكا: ئۈچۈرقاق ئېيتسىلا، مۆمىن ئاكا.

باشقىلار: ئاڭلايلى، ئاتا.

مۆمىن ئاكا: مەن ناخشىغا قاتقان ئاشۇ مەككارنىڭ ئىسىم - فامىلىسى ئادىل ئابابەكرى. ئۇنىڭ بىر جۈپ سېھىرلىك ئەڭگۈشتىرىنىڭ بىرى «ئالتۇن - گۆھەرگە كۆز قىرىنى سالمايدىغان مۇنەۋۋەر ئىنقىلابىي ياش» دېگەن ساختا نام، يەنە بىرى، «جاپادىن، ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان ياش پىداكار» دېگەن ساختا ئۇنۋان… كىشىلەرنىڭ داد - پەريادلىرى توختىمايدۇ، ئەرز-شىكايەتلىرى قۇرۇمايدۇ. تەكشۈرگۈچىلەر كېلىپ - كېتىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن ھېچقانداق ئېيۋەن - نۇقسان تاپالمايدۇ.

ھەممەيلەن: نېمىشقا؟

مۆمىن ئاكا: ھېلىقى ئىككى ئەڭگۈشتەر رەڭگارەڭ نۇر چېچىپ، تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ كۆزىنى ئالىچەكمەن قىلىۋېتىدۇ. ئۇلار قوش مۈڭگۈزلۈك جادۇگەرنىڭ ھەقىقىي ئەپتى - بەشىرىسىنى كۆرۈشكە ئامالسىز قالىدۇ.

[موتسىكلىتلارنىڭ ئاۋازى يېقىنلىشىدۇ ۋە ئۆچىدۇ. موتسىكلىت قالپىقى كىيىۋالغان قەددى - قامەتلىك ئۈچ ئادەم قەھرىلىك ئەلپازى بىلەن باستۇرۇپ كىرىدۇ. ھەممىسىنىڭ قولىدا بىردىن توك كالتەك، بىردە كويزا، بىردە كىشەن.]

1- ئادەم: ھۇ، دەۋاگەر ئۇششۇق، يەنە نەگە بېرىپ، كىمگە ئۇسسۇمەكچى ئىدىڭ؟ ماڭ بۇياققا!

مۆمىن ئاكا: ئادەم ئۇسسۇش - قوش مۈڭگۈزلۈك خوجايىنىڭلارغا خاس!

2- ئادەم<br>3- ئادەم: (يەرنى تېپىپ) ماڭ!

ماھىرە: نېمانچە ھەيۋە قىلىسىلەر؟ بۇ كىشى ئوغرى - بۇلاڭچىمۇ، شۇڭپەن - قاتىلمۇ، ياكى تۈرمىدىن، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانلىرىدىن قاچقان جىنايەتچىمۇ؟

1- ئادەم: قولغا ئېلىش قەغىزى كېسىلگەن جىنايەتچىمۇ ئەمەس، جىنايەتچىدىن كەممۇ ئەمەس!

سادىر ئاكا<br>ئەزىمەتلەر: بۇ قانداق گەپ؟

2- ئادەم: ھەر بىرلىرىگە تونۇشتۇرىدىغان بولسام، ناھىيىمىز - ھەر جەھەتتىن ئىلغار ناھىيە

1- ئادەم<br>3- ئادەم: (قوشۇلۇپ) زەربىدار ناھىيە، بايراقدار ناھىيە، تۆھپىكار ناھىيە!

مۆمىن ئاكا: نامراتلىقتا داڭدار ناھىيە، باش ھاكىمى رەڭدار ناھىيە!

1- ئادەم: (سادىر ئاكىلارغا) بۇ مانا شۇنداق ئاغزىدىن زەھەر تامىدىغان ئىغۋاگەر!

2- ئادەم: ئۆتكەن يىلى ئەرز قىلىشنى باھانە قىلىپ، بېيجىڭغا بېرىۋېلىپ، توپىلاڭچىلارغا قېتىلىپ كەتكىلى تاس - تاس قالغان سىياسىي جىنايەتچى بۇ!

3- ئادەم: قويۇپ بېرىدىغان بولساق، تەرەپ - تەرەپكە ئەرز قىلىدۇ.

1- ئادەم: ئۇزۇن يىللىق سىناقلاردىن ئۆتكەن پاك - دىيانەتلىك رەھبىرىي كادىرلىرىمىزغا بوھتان چاپلايدۇ، كۆڭۈل ئارامىمىزنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ!

2- ئادەم: پۈتۈن ناھىيىمىزنى قاپقاراڭغۇ جاڭگال قىلىپ كۆرسىتىدۇ!

سادىر ئاكا: ئەپكېتىپ نېمە قىلىسىلەر؟

1- ئادەم: دورا بېرىمىز، سەۋدايىلىق كېسەللىنى داۋالاپ ساقايتىمىز!

مۆمەن ئاكا: (سادىر ئاكىلارغا) بىزنىڭ ھېلىقى نۇشىرۋانى ئادىل پۈتۈن ناھىيىمىز كادىرلىرىغا دوكلات بېرىپ: «كىمدە كىم راستىنى ئېيتمايدىكەن، كېسەللىنى يوشۇرىدىكەن، بىز ئۇنىڭغا مەجبۇرىي دورا ئىچكۈزىمىز!» دەپ ۋارقىراپتىكەن، بىرەيلەن شۇ يەردىلا مۇنداق قوشاق توقۇپتۇ:

تۇتقىن دەيدۇ ئوغرىنى،
ئۆزى تېشىپ مورىنى.
كېسەل تۇرسا ئەمەلدار،
پۇقرا يەمدۇ دورىنى؟

ئۈچ ئادەم: (تەڭلا) بەس!

1- ئادەم: ياۋاشلىق بىلەن ماڭمايدىغان بولساڭ، بېشىڭدا كالتەك! (كالتەكنى ئېگىز كۆتۈرىدۇ.)

2- ئادەم: قولۇڭدا كويزا! (كويزا تەڭلەيدۇ.)

3- ئادەم: پۇتۇڭدا كىشەن! (كىشەننى يەرگە ئاتىدۇ.)

مۆمەن ئاكا: خوپ، ھازىرچە ماڭسام، مېڭىپ تۇراي، (سادىر ئاكىلارغا) ئامان بولساق يەنە كۆرۈشەرمىز، خوش. (چىقىپ كېتىدۇ.)

[ئۈچ ئادەم سادىر ئاكىلارغا غادايغىنىچە چىقىپ كېتىدۇ.]

سادىر ئاكا: (بىر دەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن) پەرىزات. (ئۈنئالغۇنى بېسىڭ دېگەن ئىشارەت)

پەرىزات: بولىدۇ. (ئالقانچىلىك ئۈنئالغۇنى باسىدۇ.)

مۆمەن ئاكا: (ئۈنئالغۇدىن سادا) «ئۇنىڭ ئىككى ئەڭگۈشتەرى رەڭگارەڭ نۇر چېچىپ، تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ كۆزىنى ئالىچەكمەن قىلىۋېتىدۇ. ئۇلار قوش مۆڭگۈزلۈك جادۇگەرنىڭ ھەقىقىي ئەپتى - بەشىرىسىنى كۆرۈشكە ئامالسىز قالىدۇ»

[سادىر ئاكا قاتارلىقلار تەپەككۇر قوينىغا چۆكۈلگەن ھالدا دىققەت بىلەن تىڭشايدۇ.]

(چىراغ ئۆچىدۇ، پەردە چۈشىدۇ.)

## ئۈچىنچى كۆرۈنۈش

ۋاقتى: 1990- يىل ياز، كۈندۈز.

سەھنە: ھاكىم ئىشخانىسى. ئىككى دانە چىنەيامىدا ئېچىلغان ئاق، قىزىل ئەتىرگۈل. ئادىل ھاكىم بىلەن مىرزا ئەخمەت خۇپىيانە سودا ئۈستىدە.

ئادىل: ئۇ دېگەن پولات - تۆمۈر تاۋلاش ھەرىكىتىدىن بۇرۇن سېلىنغان مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ. جەڭگىلىرى سەر خىل، تام ئارىلىرىدىمۇ بەش قولدەك تۈۋرۈك، پولىنىڭ جەڭگىلىرى شۇنچە مەزمۇت، تاختايلىرى بىجىرىدىم.

مىرزائەخمەت: ئالدى بىلەن پۈتۈن مەكتەپنى چېقىپ، توپا - تۇپراق، غەلدە - غەشلىرىنىڭ ھەممىنى ئېرىغداپ، تۈزلەپ، يېڭى مەكتەپ سالغۇدەك ھالغا كەلتۈرىدىغان گەپ.

ئادىل: بۇزۇش - چېقىشتىن كېيىنلا قۇرۇش - تەكلەشكە ئۆتىدىغانلىقىمىز يادىڭدا يوقمۇ، مىرزا ئەخمەت؟ ئۇ دېگەن مىليون يۈەنلىك كاتتا قۇرۇلۇش جۇمۇ!

مىرزائەخمەت: بولىدۇ، شيەنجاڭ ئاتا، سىلە نېمە دېسىلىرى شۇ. (ئوپېراتورلاردەك ھەرىكەت بىلەن) رەسىمگە تارتىدىغان نەرسىنى نېمە دەيتتۇق؟

ئادىل: خەنزۇچە «شېشاڭجى» دەيدۇ.

مىرزا ئەخمەت: ياپونىنىڭكىدىن بىرنى ئېلىپ ئەۋەتتىم بىر ساندۇق لېنتىسى بىلەن.

ئادىل: كىمدىن؟

مىرزائەخمەت: ئەس - بۇسىنى چىقارمايدىغان بىرسىدىن.

ئادىل: كىم تاپشۇرۇپ ئاپتۇ؟

مىرزائەخمەت: خىزمەتچى ئايال.

ئادىل: ھەي مىرزائەخمەت، مۇنداق نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ يۈرمىگىن دەپ قانچە قېتىم دېيەن ساڭا؟ يەنە كېلىپ يۇقىرىدىن كەلگەن سوتسىيالىستىك تەربىيە كادىرلىرى مىغىلداپ يۈرۈۋاتقان مۇشۇ كۈنلەرنىڭ كۆپكۈندۈزىدە - ھە؟

مىرزائەخمەت: ياپون توڭلاتقۇسى. ياپون تېلېۋىزورى، ياپون سىڭئالغۇسى بار يەردە ياپوننىڭ بۇ نېمىسى بولمىسا بولامدۇ؟ ھېچبولمىسا، شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلغايلا. مانا بۇ ئون سەر شاكالسىز مېغىز. قۇرۇلۇش قولىمىزغا ئۆتكەندىن كېيىن قىلىدىغىنىمىز ئالاھىدىرەك بولىدۇ، ئەلۋەتتە.خەير - خوش. (كونۋېرتلىك نەرسىنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ چىقىپ كېتىدۇ.)

ئادىل: خېلى ۋەزنى باردەك تۇرىدۇ. راست ئون سەرمۇ نېمە؟ ئىشنىڭ يولىنى بىلىدۇ جۇمۇ بۇ قېرى تۈلكە. (بىر - ئىككى چۆرۈپ قويۇپ) كىچىكىمىزدە داجەن - تىيەن دېگەننى كۆرۈپ باقمىغان بولساقمۇ، «ئالتۇن ياپىلاق، تاپقان تاپىلاق»دەپ ئوينايدىغانتۇق. مانا ئەمدى راستىنلا تاپقان تاپىلاق بولدى. كىمرە چۆنتەككە ئالتۇن ياپىلاق!

[ئىشىك چېكىلىدۇ.]

سىرتتىن ئاۋاز: رۇخسەتمۇ؟

ئادىل: يەنە كىمدۇ؟ (سافادا كېرىلىپ ئولتۇرۇپ) ھە، رۇخسەت.

[ئايپاشا كىرىدۇ.]

ئايپاشا: (سەل تارتىنىپ، تۈزلا) ئادىل ھاكىم دېگەن سىزمۇ؟

ئادىل: كېلىڭ. قىزچاق، تونۇشۇپ قويايلى. (قول تەڭلەيدۇ.)

ئايپاشا: مانا بۇ تونۇشتۇرۇش قەغىزىم. (تۇتقۇزۇپ قويۇپ ئەركىنھالدا تۇرۇۋېرىدۇ.)

ئادىل:(تونۇشتۇرۇشقا بىر قاراپ قويۇپ) ئىسمىڭىز نېمە؟

ئايپاشا: (تەئەججۈپلىنىپ) ئاشۇ قەغەزدە بارغۇ؟

ئادىل: قانچە ياش؟

ئايپاشا: ئۇمۇ ئېنىققۇ؟

ئادىل: قىزچاق، ھازىر نەدە تۇرۇۋاتىسىز؟

ئايپاشا: جايىمدا تۇرۇۋاتىمەنغۇ؟

ئادىل: كەندىر يېگەن دەمدەردەك «غۇ-قۇ-غۇ» قىلمىسىزغۇ؟ (ئورنىدىن تۇرۇپ، يېقىنلاپ كېلىپ. ئايپاشانىڭ ئەتراپىنى بىر ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن) ئىسمى-جىسمىغا لايىق ئاي پادىشاھى، گۈزەللەر پادىشاھى ئىكەنسىز، ئايپاشا.(ئېڭىكىنى ئەركىلىتىپ)ئىسسىت-ئىسسىت، زايا كېتىدىغان بولدىڭىز-دە!

ئايپاشا: (ئۆزىنى تارتىپ) نېمىشقا زايا كەتكۈدەكمەن؟

ئادىل: بۇ دېگەن چەت، قۇرغاق ناھىيە، ئاپتىپى بەك كۆيدۈرىدۇ، چىدىماق تەس.

ئايپاشا: ئونمىڭلىغان ئاھالە كۆيۈپ، كۆل - قوقاسقا ئايلىنىپ كەتمىگەن يەردە، مەنمۇ بەرداشلىق بېرەرمەن! (دىلبايان) نېمانچە لاۋزا بىرنېمىدۇ بۇ؟باش ھاكىممىش تېخى!

ئادىل: خوپ، ئۇنداق بولسا، «ئاي شارى مېھمانخانىسى»غا بېرىڭ.

ئايپاشا: مېھمانخانىغا؟ نېمە قىلىمەن ئۇ يەردە؟

ئادىل: مېھمانخانا پادىشاھى بولىسىز. تالىيىڭىز ئوڭ كەلدى، ئايپاشا.

ئايپاشا: شاھلىقتىن تامايىم يوق.

ئادىل: ئۇنداق بولسا، سەنئەت ئۆمىكىگە بېرىڭ.

ئايپاشا: ئۇ يەردە نېمە قىلىمەن؟

ئادىل: (غەلىتە ئۇسسۇل ھەرىكىتى بىلەن) ئوينايسىز. گۈزەللىكىڭىز ۋە تالانتىڭىز بىلەن كىشىلەرنى ھوزۇرلاندۇرىسىز.

ئايپاشا: (جىددىي) ئوقۇغان كەسپىم بىئولوگىيە!

ئادىل: ياخشى، ئۇنداق بولسا، تاغقا چىقىپ، تۆمۈر رودىسى تېپىڭ، شاخار، زەمچە تېپىڭ، تاشتۇز تېپىڭ، ھاك تېشى تېپىڭ، چىقىڭ..

ئايپاشا: ئادەمنى مۇنداق تەتۈر قىينىماڭ! (يۈز - كۆزىنى تۇتۇۋېلىپ يىغلاپ چىقىپ كېتىدۇ.)

ئادىل: قىيناش دېگەنىڭمۇ ئوڭ - تەتۈرى بولىدىكەن - دە، ھا - ھا - ھا!... (جىددىي توختاپ، مەيدىسىگە ئۇرۇپ) دۆلەتنىڭ ئېھتىياجىغا بويسۇنمىغىنىڭنى بىر كۆرەي قېنى، ئايپاشا!

[ئاجايىپ چىرايلىق ياسانغان پەرىزات كۆركەم قول سومكىسىنى ئاسقان ھالدا تولىمۇ ئەركىن، شوخ قىياپەت بىلەن روخسەتسىز كىرىدۇ.]

پەرىزات: ئەسسالام ھاكىم ئالىيلىرى(چەت ئەللىك ئاقسۆڭەك قىزلارچە سالام بېرىدۇ.) ۋاھ، مەن ئويلىغان، مەن تەسەۋۋۇر قىلغاندىنمۇ ياش، قاۋۇل، قاملاشقان يىگىت ئىكەنسىز. بۇ يۇرتلۇق ئوغۇل - قىز ساۋاقداشلىرىمنىڭ دېگىنىدىن چەندان - چەندان ئارتۇق ئىكەنسىز.

ئادىل: (خوشلۇقتىن گاڭگىراپ) ساۋاقداشلىرىڭىز مەن توغرۇلۇق نېمە دېيىشكەن؟

پەرىزات: ياپياش بىر باش ھاكىمىمىز باركى، كۆتۈرگىنى ئىنقىلاب تۇغى، يۈرىكىدە ساداقەت چوغى، ئۈستىدە كۆپۈكى يوق، ئاستىدا دۇغى، ماڭلىيىدا ئۆچمەس نەقىش، باش ئۈستىدە تالەي سۇمرۇغى... ئۇھ، ئەجەب ئىسسىپ كەتتىما. شامالدۇرغۇچ يوقمىدۇ شۇنچە ئازادە ئىشخانىدا؟

ئادىل: (گاڭگىراپ) شامالدۇرغۇچ - ھە-ە، شامالدۇرغۇچ...

پەرىزات: (ئازادە كوپتىسىنىڭ تۈگمىسىنى يېشىۋېتىپ) بوپتۇ، ھەر قانداق شامالدۇرغۇچتىن قالغۇچىلىكىمىز يوق بىزنىڭمۇ. (كۆكسىنى كېرىپ بىر- ئىككى پىرقىراۋېتىپ) ئاھ، قىزىل ئەتىرگۈل، مەن سېنى سۆيىمەن، چەكسىز مېھىر - مۇھەببەت بىلەن سۆيىمەن. چۈنكى سەن قىزىل بايراق ئاستىدا تۇغۇلۇپ، قىزىل بايراق ئاستىدا ئۆسۈپ كامالەتكە يەتكەن ئىنقىلابىي رەھبەرلىرىمىز قەلبىنىڭ سىمۋولى سەن. ئاپئاق ئەتىرگۈل – پاك-دىيانەتلىك، مەڭگۈ گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى سەن. ياش-نەۋقىران ھاكىمىمىزدەك ئۈستىدە كۆپۈكى، ئاستىدا دۇغى يوق سۈپسۈزۈك رەھبىرىي كادىرلىرىمىزنىڭ سىمۋولى سەن!

ئادىل: (ھەيرانلىق ۋە چەكسىز رازىمەنلىك بىلەن) ۋاھ، ئۆزىڭىز كىم بولىسىز، ئاپئاق قىز؟

پەرىزات: ئەھا، ئۆزۈم بولماي كىم بولاتتىم؟

ئادىل: ئىسىم - شەرىپىڭىز؟

پەرىزات: ھۆر - پەرىزات.

ئادىل: پاھ، قالتىسقۇ!

پەرىزات: 90 - يىللارنىڭ ياشلىرى قالتىس بولمايتتىمۇ ئەمىسە؟

ئادىل: قانچە ياش؟

پەرىزات: ئون توققۇز ياش.

ئادىل: ئون توققۇز ياش؟

پەرىزات: ئاھا، پىئونېرلىق يېشىدىكى كىچىككىنە قىزدەك كۆرۈنۈۋاتامدىمەن، ھاكىم ئالىيلىرى؟

ئادىل: ئوقۇش تارىخىڭىز؟

پەرىزات: ئىككى كەم 19 يىل.

ئادىل: ئۆزىڭىزمۇ ئون توققۇز ياش؟

پەرىزات: ئەلۋەتتە، كەمىنىڭىز ئۆمۈر بويى ئون توققۇز ياش، مەڭگۈ ئون توققۇز ياش. ئۆز دەۋرىنىڭ ئىشچى، دېھقان، ئەسكەر ئوقۇغۇچىسىمۇ ئوبدان بىلىدۇ بۇ ھېكمەت ـ ھەقىقەتنى.

ئادىل: قىزىق، تولىمۇ قىزىق بالىكەنغۇ بۇ؟

پەرىزات: ماختىغىنىڭىزغا رەھمەت، ھاكىم ئەپەندى. ئەزىز مېھمىنىڭىزغا ئوبدان دەملەنگەن بىر ئىستاكان كافېي، ھېچبولمىسا، بىر ئىستاكان مۇزدەك سۈت ئىلتىپات قىلىۋەتكەن بولسىڭىز.

ئادىل: (باسما چايدانىدىن بىر پىيالە قايناقسۇ قويۇپ كېلىپ) رەنجىمەڭ ھۆر ـ پەرىزات، ھازىر غورىگىل ياشاش تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان پەيت.

پەرىزات: توغرا، رەھبەردىي كادىرلار باشلامچى بولمىسا بولامدۇ؟ (ئىچىپ بېقىپ) پاھ، نېمانچە قىزىقتۇ؟

ئادىل: كۆيدۈردىمۇ؟

پەرىزات: پۈۋلەۋاتىمەن.

ئادىل: سوۋۇمىغىچۇ؟

پەرىزات: تېخى ياخشى. ئاۋۋال بۇ ھەقتە سۆزلىشىپ تۇرايلى. مانا بۇ ـ رەسمىيەتنامەم.

ئادىل: (كۆرۈپ بېقىپ) سەنئەت ئىنىستىتۇتىنى ئەلا دەرىجىدە پۈتتۈرۈپسىز.

پەرىزات: دىپلومىم گۇۋاھ. (ئۆزىتىدۇ.)

ئادىل: تالانتىڭىزنىڭ شېرىن مېۋىسىنى تېتىپ بېقىشقا بولارمۇ؟

پەرىزات: ئەلۋەتتە. ناخشا كېرەكمۇ، ئۇسسۇلمۇ؟ سەھنە ئەسەرلىرىدىن بىرەر ـ ئىككى ئېتۈت ئورۇنداپ بېرەيمۇ ـ يا؟

ئادىل: ھەممىسى كېرەك، ھەممىسى!

پەرىزات: بولىدۇ، كەمىنىڭىز خىزمەتكە تەييار. (ئېلانچىلىك ئاھاڭدا) ناخشا ـ پىيدا قىلىل جاننى خەلقىڭگە.

(ئۆز ئاھاڭى بويىچە)

تەمەننا قىلما مۈلكۈڭگە، جاھان ئۈستىمۇ ئىلكىڭگە،

بېغىشلا ئەجرى ـ تۆھپەڭنى ۋەتەن، مىللەتكە، خەلقىڭگە.

ئادىل: ھۆر ـ پەرىزات.

پەرىزات: لەببەي.

ئادىل: راسا جۇشقۇن، 90 ـ يىللارغا خاس ناخشىلاردىن بولسا قانداق؟

پەرىزات: باش ئۈستىگە. (ناز ۋە نازاكەت بىلەن ئوقۇيدۇ.)

ناخشا:

ئاھ كېچىلەر ـ كېچىلەر،
بىدار ئۆتكەن كېچىلەر.
قانچە شېرىن ـ لەززەتلىك،
يارنى كۈتكەن كېچىلەر.

ئايغا باقسام ئاي يىراق،
يۇلتۇز گويا جىنچىراغ.
سېغىنغانچە ئۆرلەيدۇ،
يۈرەكتە ئوت ـ ئىشتىياق.

، (بىرىنچى كۇپلېت تەكرارلىنىدۇ)

ئادىل: پاھ، تىلىڭىز نېمانچە تاتلىق؟

پەرىزات: شېكەر قومۇشىنى تولا چايناپتىمەن.

ئادىل: ئېغىر كۆرمىسىڭىز (چاقماق ئۇسۇلىنى دورىغان ھالەتتە ھەرىكەت قىلىدۇ.)

پەرىزات: (كوپتىسىنى كۆرسىتىپ قورۇنغان قىياپەتتە) سېلىۋەتسەم سەت تۇرارمۇ؟

ئادىل: ئاغزىڭىزغا ناۋات! ئەكىلىڭ مەن ئېسىپ قوياي. (كوپتىنى ئېلىپ، شەھۋانىيلىق بىلەن پۇرايدۇ، باغرىغا باسىدۇ.)

پەرىزات: خوپ، ئويناپ كەتتۇق ئەمىسە. (ناخشىلىق چاقماق ئۇسسۇلى ئويناپ كېتىدۇ.)

ناخشا:

قولىمىزدىن قاس چىقىرىپ،
گەپ-سۆزىڭىزدىن پاس چىقىرىپ،
دېسكو - چاقماق دېگەننى،
ئويناپ كېتىمىز راست چىقىرىپ.
(ساغرىسىنى چىقىرىپ)

دۇتار - راۋاب تارى بىلەن،
تاغلار ئاپئاق قارى بىلەن.
ئادەمزات بەختىيار،
سۆيگەن ئامراق يارى بىلەن
(بىرىنچى كۇبلېتنى تەكرارلايدۇ)

ئادىل: ئاھ، يۈرەك! ... (مەست - بىھوش ھالەتكە كېلىدۇ.)

پەرىزات: ئۇھ... (توختايدۇ.)

ئادىل: قانىدىم، ھۆر-پەرىزات، پەقەت قانىدىم.

پەرىزات: نى - نى قاندۇرۇشلار تېخى ئالدىمىزدا. «خېرىدارى بولمىسا، زىبالىقى نە كېرەك» دەپتىكەن كونىلار. خېرىدارلىقىڭىز ۋە ئىگىدارچىلىقىڭىزغا كۆپ رەھمەت، ھاكىم ئالىيلىرى.

ئادىل: (خۇيى تۇتقاندەك بولۇپ، پاپىروس چىشلەيدۇ. چاقمىقى يانمايدۇ.)

پەرىزات: ئوتىڭىز يانمايۋاتامدۇ، ھاكىم ئەپەندىم؟ (چاقماق يېقىپ) چاقماق دېگەن چېقىلىپ تۇرسا، ئوتى ئۆچمەي يېقىلىپ تۇرسا. دەرھەممەت ھاكىم ئەپەندىم. ئېھتىيات قىلىڭ، كۆيدۈرۈۋەتمىسۇن.

ئادىل: (ئېچىلىپ) ئاسانلىقچە كۆيدۈرەلمەسسىكىن.

پەرىزات: كۆرىمىز تېخى. (يېقىلمىغان چاقماقنى ئادىلنىڭ كۆز ئالدىدا ئوينىتىپ) قانداق؟ يارامدۇ؟

ئادىل: يارىمامدىغان!

پەرىزات: يارىغان بولسا، چاقماق ئايلانسۇن ئالىيلىرىدىن. (ئالقىنىغا سېلىپ قويىدۇ.)

ئادىل: (پەرىزاتنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ) ھۆر - پەرىزات، ئېيتىڭا، قانداق كېلىپ قالدىڭىز بۇ ناھىيىمىزگە؟

پەرىزات: ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلار بىلەن!

(تېلېفون جىرىڭلايدۇ.)

ئادىل: ھە، مەن. قاچان؟ ئۇ نەرسىنى ئېلىپ كەلگەن ئادەمنى تونۇمسەن؟ بوپتۇ. رېۋىزىيە كومىتېتىغا، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ئىشخانىسىغا، پاك - دىيانەتلىك بولۇش قۇرۇلۇشى مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىخانىسىغا تېلېفون بەر. تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىمۇ خەۋەر تاپسۇن. دەرھال ھويلامدىن يوقاتسۇن بۇ ھارام مالنى! (تېلېفوننى قويۇپ) قارىماسمىز، بىزنىڭ ئۆيگە ناتونۇش ئادەمدىن بىرى بىر دانە ياپون شېشاگجىسى بىلەن بىر يەشىك سىنئالغۇ لېنتىسى ئەپكىرىپ قويۇپتۇ! شۇنچە يىللاردىن بۇيان دۆلەت ۋە خەلقنىڭ يېپ-يېڭىنىسىگە نەزەر - گۆزىرىمنى سالماي كېلىپ، ئەمدىلىكتىزە! ...

پەرىزات: بۇ ناھىيىنىڭ رەھبەرلىرى مانا شۇنداق پاك - ساغلام، شۇڭلاشقا بۇ ناھىيە ھەممە ياققا داڭقى كەتكەن قوش بىرىنچى، قوش ئىلغار، قوش بايراقدار ناھىيە. ئەپسۇسكى، مەزكۇر ناھىيىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئالەمشۇمۇل مۇۋەپپەقىيەتلەر تېياتىر سەھنىلىرى، كىنو - تېلېۋىزور ئېكرانلىرىدا!

ئەكس ئەتتۈرۈلمەيۋاتىدۇ. 17 ــ ئەسىرنىڭ يۈەن ناق پۇل ۋە شۇنچە نەپىس دەبدەبىسى ھۆججەتلەر قاچىلانغان ھەربىي سومكىنى تېپىۋېلىپ، دەرھال تاپشۇرۇپ بېرىش، يۈكسەك ئىنقىلابىي جاسارەت بىلەن ئۈچ بالىنى دەھشەتلىك قايناق ئېقىندىن قۇتقۇزۇپ قېلىش ۋەقەلىرىنى ئالايلى...

ئادىل: ئۇ دېگەن 20 نەچچە يىل ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن كىچىككىنە ئىشلار، كونا ۋەقە.

پەرىزات: ئالتۇن ـ گۆھەرگە كۆز قىرىنى سالماسلىق، بارلىقىنى كىشىلەرگە بېغىشلاش تېمىسى ـ مەڭگۈلۈك تېما. ئەسلا كونىراپ قالمايدىغان تېما. پاتقاقتا پېتىپ قالغان بىر قوزا ـ ئوغلاق، دوزاي ـ تايچاقلارنى پاتقاقتىن چىقىرىپ قويغان ئادەملەرنى گېزىت ـ گېزىتلەردە ماختايدۇيۇ...

ئادىل: ئۇغۇ، راست.

پەرىزات: ئاشۇ ۋەقەلەرنى سەنئەت يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ، سەھنىگە ئېلىپ چىقىدىغان بولسا... قاراڭ، لاي ـ لاتقىلىق قىيان ـ كەلكۈننى ئەسلىتىدىغان قىزغۇچ كىيىم كىيگەن 10 ـ 15 قىز دەرياداك كەڭ ئېتەكلىرىنى يېيىپ، قىزغۇچ تاۋار ـ دۇردۇنلارنى چەمبەر شەكلىدە ئوينىتىپ، سەھنىگە كىرمەكتە. ئۇلارنىڭ بىر ئۆرلەپ ـ بىر چۆكۈشى ئەنە شۇ دولقۇنلۇق ئېقىننى، پىرپىر ئايلىنىشلىرى دەھشەتلىك قايناقنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. كىچىك باللارچە نىقابلانغان ئۈچ كىشى ئاجايىپ نەپىس ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ خەتەرلىك قايناققا غەرق بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. دەل شۇ چاغدا بىر نەۋقىران يىگىت قىرغاقتا پەيدا بولىدۇ ـ دە، قايناققا ئۆزىنى ئاتىدۇ. ئۇ كۈرەش قىلىدۇ، ھايات ـ ماماتلىق كۈرەشنى ئېلىپ بارىدۇ. 10 ـ 15 قىزنىڭ ھەرىكىتى بارا ـ بارا لەرزانلىشىپ، كەلكۈن ـ قىيانىنىڭ بويسۇندۇرۇلغانلىقى نامايان قىلىنىدۇ. نەۋقىران يىگىت بىر بالىنى تىزدىغا قوندۇرغان، بىر بالىنى قولتۇقلىغان. بىر بالىنى بويىنىغا مىندۈرگەن ھالدا مانا مۇنداق مەغرۇرانە تۇرىدۇ.

ئادىل: (نېمە قىلارىنى بىلەلمەي) شۇنداق ـ شۇنداق.

پەرىزات: دەل شۇ چاغدا «جاپادىنمۇ ـ ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايدىغان مۇنەۋۋەر پىداكار ياش ـ ئادىل ئابابەكرىدىن ئۆگىنەيلى!» دېگەن سادا پۈتۈن تاماشىبىنلار قەلبىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋېتىدۇ. ھېلىقى 10ـ15 قىز بىردىنلا قىپقىزىل گۈلگە ئايلىنىپ، بۇ نەۋقىران يىگىتنى ئۆز قوينىغا ئالىدۇ.

ئادىل: (خۇشال) سىزگە نېمە كېرەك؟ قانداق تەلىپىڭىز بار، ئېيتىڭ. ناھىيىمىزنىڭ ئىمجان سەنئىتىگە جان كىرگۈزۈۋېتىدىغان بولسىڭىز، ھېچنەرسىنى ئايىمايمىز!

پەرىزات: رېئال تۇرمۇش ـ ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ چەكسىز مەنبەسى، قۇرۇماس بۇلىقى.

ئادىل: ئەلۋەتتە.

پەرىزات: پۈتۈن ناھىيىمىز تەۋەسىدە تۇرمۇش ئۆگىنىشىم ھېچقانداق دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىمىسا.

ئادىل: دەخلى ـ تەرۇز قىلىشقا پېتىنالىدىغان كىمكەن ئۇ؟ بېرىڭ، نەگە بارغۇڭىز كەلسە، شۇ يەرگە بېرىڭ، ئۆگىنىڭ، ئىجاد قىلىڭ!

پەرىزات: چەكسىز قوللاشقا ئېرىشكىنىم ئۈچۈن تولىمۇ خۇشالمەن، ئىنتايىن خۇشالمەن،

(ھاياجان بىلەن)

زەپمۇ شادلاندىم بۈگۈن،
گويا قاناتلاندىم بۈگۈن.
بىر بۈيۈك ئارمان بىلەن،
چەڭگاھقا ئاتلاندىم بۈگۈن.

(چىراغ ئۆچىدۇ، پەردە چۈشىدۇ.)

# تۆتىنچى كۆرۈنۈش

ۋاقتى: 1990 - يىلى سېنتەبىر، كۈندۈز.

سەھنە: شىپاگىلىق باغ. ئېگىز ۋە گۈللەر بىلەن قاپلانغان كۆل بويىغا گىلەم، كۆرپىلەر سېلىنغان. مەرۋايىت، ياقۇتنىسا، تىللاقىز، ئايتىللا قاتارلىق چوكانلار قىزدىق كۆلكە- چاقچاقلار ئىچىدە ئۇسما قويۇشۇۋاتقان هالدا پەردە ئېچىلىدۇ. مەرۋايىت بىر چەتتىرەك ئۇسما قويۇش بىلەن بەنت.

ياقۇتنىسا: (قولىدا پىلتىگۈچ، ئەركىن هالدا ناخشىلىق ئۇسۇل ئويناپ كېلىپ، مەرۋايىتقا يېقىنلىشىدۇ.)

گۈل تېرىدىم كۆرسىلە،
ئۇسما تېرىدىم كۆرسىلە.
بىر قويۇم ئۇسما بېرەي،
بويۇنۇم قۇچاقلاپ سۆيسىلە. (مەرۋا- يىتنى بويىنىدىن قۇچاقلاپ سۆيىۋا- لىدۇ.) بويۇنۇم قۇچاقلاپ سۆيسىلە. (تەكرار- لايدۇ.)

تىللاقىز / ئايتىللا: يەنە شۇ، يەنە شۇ!

مەرۋايىت: ئىزا - ئىزا!

ياقۇتنىسا: نەگە قاچىسىز، مەرۋايىتخان توختاڭ، ئامىنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرايلى. (قىستاپ كېلىدۇ.)

مەرۋايىت: چاقچاق - هېلى جاقجاقلا ئايلىنىپ كېتىپ قالمىسۇن، ياقۇتنىساخان، بولدى قىلىسىلا ئەمدى!

ئايتىللا / تىللاقىز: ياقۇتنىسا، بوش كەلمەڭ!

ياقۇتنىسا، بوش كەلمەڭ!

ياقۇتنىسا: 11 - نۆۋەتلىك ئاسىيا تەنهەرىكەت يىغىنىدا قىزلارنىڭ قانداق چېلىشقانلىقىنى كۆرمىدىڭىزمۇ، مەرۋايىتخان؟ 90 - يىللارنىڭ قىز - چوكانلىرى (بوكسيۇرچىلىق هەرىكىتىنى دوراپ) جاقجاقتىنمۇ قورقامدىكەن؟ كېلىڭ، نەگە قاچىسىز؟ (بوكسيۇرچى هالىتىدە قىستاپ كېلىدۇ).

مەرۋايىت: (كۆلدىن بىر كورۇشكا سۇ ئېلىپ) بىر قەدەم مېڭىپ باققىنا قېنى!

تىللاقىز / ئايتىللا: ياقۇتنىسا، بوش كەلمەڭ!

ياقۇتنىسا، بوش كەلمەڭ!

ياقۇتنىسا: سىز - مەرۋايىت، مەن - ياقۇت، بىر ئېقىننىڭ تاشلىرىغۇ بىز، بىر زاماننىڭ ياشلىرىغۇ بىز؟

ناخشا:

سۆي دېسەڭمۇ سۆيىمەن،
سۆيمە دېسەڭمۇ سۆيىمەن.
شام ئۆزۈڭ، پەرۋانىمەن،
ئىشقى ئوتىڭدا كۆيىمەن.

(غۇلچىنى ئېچىپ يېقىنلاپ كېلىدۇ.)

مەرۋايىت: كۆيە، كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەت ئەمىسە! (سۇنى چاچىدۇ.)

[ياقۇتنىسا ئولتۇرۇۋالىدۇ. بىر كورۇشكا سۇ كىردۇۋاتقان پەرىزاتنىڭ كۆكسىگە چېچىلىدۇ.]

پەرىزات: ئا! (قورقۇپ ۋە ئەنسىدىكىپ كېتىدۇ.)

مەرۋايىت: (داڭقېتىپ تۇرۇپ قېلىپ) پەرىزات!... ۋاي خۇدايىمەي... ئۆڭگە ئەپچىقاي. (پايپاسلاپ چىقىپ كېتىدۇ.)

پەرىزات: هېچقىسى يوق، مەرۋايىت ئاچا.

ياقۇتنىسا: (ئاغزىنى تۇسىۋېلىپ، پەس ئاۋاز بىلەن) خاپا بولسىلا، رەنجىسىلە، چىراي ئاچمىسىلا.

باشقىلار: كارامىتىڭنى كۆردىمىز، يۈرسىلە. (قولتۇقىدىن يۆلەپ، ئولتۇرغۇزىدۇ.)

مەرۋايىت: (لۆڭگە ئېلىپ چىقىدۇ.) پەرىزات، مەن سۈرتەي.

ياقۇتىخسا: (لۆڭگىنى تارتىۋېلىپ) چىرايىغا قارىغىنا. قاردەك ئاقىرىپ كېتىۋاتىدۇ. (كۆكرەكلىرىنى سۈرتكەچ) سۆزمە خالتىسى قىلىۋەتكىنىڭنى قارىغىنا!

مەرۋايىت: ھەممىنى قىلغان سەن داپيۈز.

ياقۇتىخسا: بارچە گۇناھ ئۆزۈڭدە تۇرۇپ، قاپ كۆتۈرۈپ نەگە بارارسەن، مەرۋايىتخان؟ تولا چۇكۇلدىماي، پەرىزاتقىزدىن ئەپۇ سورا!

مەرۋايىت: سورايمەن، مىڭ مەرتىۋە سورايمەن: مېنى كەچۈرسىلە، پەرىزات.

پەرىزات: (روھىي ھالىتى ئەمدىلا ئەسلىگە كېلىۋاتقان قىياپەتتە) بولىدۇ، ئەمما مېنى كۈلدۈرسىلە، كۆڭلۈمنى ئاچسىلا.

ئايتىللا
تىللاقىز : ھەببەللى!

ياقۇتىخسا: كۈلدۈرەلەمسىچۇ؟

تىللاقىز: ئاشۇ كۆلگە ...

ئايتىللا: (قوشۇلۇپ) بىر - ئىككى - ئۈچ! (قول - پۇتىدىن تۇتۇپ ئۇيان - بۇيان تاسقاپ، كۆلگە تاشلاش ھەرىكىتى)

مەرۋايىت: بولىدۇ، سىلەرنى كۈلدۈرەلىمىگەن جاننى ...

[سېكرىتار مەزىن بىلەن مۆمىن ئاكام مەجنۇن كىرىدۇ.]

ئالماس بوۋا
مۆمىن ئاكا : ئەسسالام، قىزلىرىم.

مەرۋايىت: (قىزلارغا) جىم! سېكرىتار مەزىن ئاخۇنغا بىر تازىم، (ئەجنەبىيلەرچە سالام بېرىدۇ، قىز - چوكانلارمۇ شۇنداق قىلىدۇ.)

پەرىزات: «سېكرىتار مەزىن ئاخۇنۇم»؟

مۆمىن ئاكا: پەرىزاتقىز ھاڭ - تاڭ قېلىۋاتىدۇ. بۇ ئىشنىڭ سىرىنى ئېچىۋەتسىلە، ئالماس سېكرىتار.

ئالماس بوۋا: مېنى كۈن ئالغىلى قويمايدىكەنسىلەر - دە، بوپتۇ، دېسەم - دەي، لېكىن بۇ ھەقتە ھېچكىمگە تىنمايسىلەر.

باشقىلار: تىنمايمىز.

سىرتتىن ئاۋاز: تىللاقىز، ئايتىللا!

تىللاقىز
ئايتىللا : مانا بىز! (چىقىپ كېتىدۇ.)

ئالماس بوۋا: يېزىمىزنى كېسىپ ئۆتىدىغان تاشيولنىڭ ئالاھىدە بىر يېرىدە - ئىككى كىلومېتىر قىسمى پۈتۈن يىلنىڭ ئۈچ پەسلىدە قۇم ئاستىدا قالاتتى.

ياقۇتىخسا: ھە، يېقىنقى كۈنلەرگىچە شۇنداق ئىدى.

ئالماس بوۋا: بۇ يەردىن ئۆتكەن ھەر قانداق ماشىنا «گۈلدۈرى بار، يامغۇرى يوق» دېگەندەك، گۈر - گۈر - گۈر - گۈرۈللەيتتى-يۇ، تاشپاقىچىلىكمۇ ئىلگىرىلىيەلمەيتتى. بىزنىڭ كىچىك نۇشىرۋانى ئادىل شۇ كۈنلەردە قوشنا يېزىلىق تۇراق چەپچى، مەخەت دابىزا قاتارلىق قۇلاق كەستىلەر بىلەن «قۇملۇق يول پارتىزانلىرى» دەيدىغان بىر ئوغۇرلۇق گورۇپپىسى قۇرۇپتۇ. ھەر كېچىسى قۇملۇق يولدىن ئۆتۈۋاتقان ماشىنىلارغا يامىشىپ چىقىپ، قولىغا چىققاننىڭ ھەممىسىنى تاشلايدىكەن. ئېلىشىغا سېتىپ، بولۇشىغا ھاراق ئىچىدىكەن، قىمار ئوينايدىكەن. شوپۇرلار تۇتۇۋېلىپ ئالدىمغا ئېلىپ كەلدى، تەربىيە قىلىپ قويۇۋەتتىم. يەنە ئەپكەلدى، يەنە قويۇۋەتتىم. ئاخىرى كالىسىنى قۇمغا تىقىپ تۇرۇپ، ئوڭ - سول قوۋۇرغىلىرىغا شۇنداق چەسسەپتىمەنكى!...

قىزلار: بۇ بىر!

ئالماس بوۋا: «تۆت ئايالغا سەككىز ئەر ئۇسسۇپ بەردى تويىنى؛ توگرا باستى قوللارنى، قاچان كېلەر سويۇنى» دېگەن ناخشا چىققان يىل.

كۆپچىلىك: ھە، ھە.

ئالماس بوۋا: بىر كۈنى قارىسام، راستىنلا سەككىز ئەركەك كەتمەن سېپىغا يۆلۈنۈپقىنا ئاسماننى ئىسلاپ تۇرۇپتۇ. تۆت خوتۇن كىشى گەندە تاغىرى يۇدۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇشتۇمتۇتلا بىرى «ۋاي-جان!» دەپ ئىڭراپ قالدى. قارىسام، ئادىلنىڭ ئانىسى گەندە تاغىرى ئاستىدا ئىنجىقلاپ ياتامدۇ. «ئادىل، بول، يۆلە!» دېسەم، «ھىيلىگەرلىك قىلىدۇ ئۇ ھورۇن ئېشەك» دەپ بەخىرامان ئىس پۈۋلەپ تۇرۇۋاتامدۇ. «ھۇ بىكۆيۈم لالما!» دەپ بىر تەپسەم، پۇت توپىدەك ئۇچۇپ كېتىۋاتامدۇ.

مەرۋايىت: ئاچچىق دېگەنمۇ بار يەردە بار ئىكەن - ھە، سېكرېتار مەزىن ئاخۇنۇم.

ئالماس بوۋا: ئورنىدىن تۇرۇپلا «مانا بولدىمۇ؟ مېنى تاياققا قويۇپ كۆڭلۈك ئارام تاپتىمۇ؟ ياتە، مانا ئەمسە قوپماي ياتە!» دەپ ئانىسىنى ئېشەكتەك تېپىپ، ئىتتەك تالاۋاتامدۇ ئۇ ھايۋان! «ھۇ، غالجىر!» دەپ بىر تەپسەم، بىر سېسىق ئازگال ئىچىدە ئۆلۈك كۈمۈتىلارغا چاپلىشىپ ياتتى!

قىزلار: بۇ - ئىككى، ھە، قېنى!

ئالماس بوۋا: يەتتە - سەككىز يىل ئالدىدا بىر تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى كەلدى. ئۇلارغا مۇنداق دەپ تاشلاپتىمەن: مۇشتتەك چېغىمدىن باشلاپ قىسىپ تارتىشقا كۆنۈپ كەتكەن بۇ قولاق كەستى، ئەجەبا، ھەربىيلەرنىڭ 17 مىڭ يۈەن نەق پۇل قاچىلانغان سومكىسىنى تېپىۋېلىپ، ئۆز ئىختىيارى بىلەن تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ - يا؟! تۇغۇپ چوڭ قىلغان ئانىسىنى گەندە تاغىرى ئاستىدىن چىقىرىپ قويۇشقا ھارسىنىدىغان بۇ تاش يۈرەك نائەھلى، ئەجەبا، قايىنام ئىچىدە قالغان ئۈچ خەنزۇ بالىنى قۇتقۇزۇپ قاپتۇ-يا؟ بۇنىڭ تېگى - تەكتىدە زادى قانداق سىر بار؟ چوڭقۇر تەكشۈرۈپ، ئېنىقلاپ كۆرمىسە بولمايدۇ!

پەرىزات: شۇنداق قىلىپ ئۇ، راسا قاملاشتۇرۇپ بىرنى تەپتى، مەسچىت پەشتىقىغا چىقىپ قالدىم دېسىلە، مەزىن ئاخۇنۇم.

ئالماس بوۋا: پارتىيىنى ياشلاشتۇرىمىز، ئورۇن بوشاتسۇن دەپتۇ، خوپ دېدىم. ئەھلى جامائەت: «سېكرېتار، يۈزلىرى چوڭ، گەپ-سۆزلىرىنىڭ تەمى بار، ئاۋازلىرى ساز، مەزىن بولۇپ بېرىدىغان بولسىلا، مەسچىتىمىز ئاۋات بولۇپ كېتىدۇ، ئۆزلىرىمۇ يالغۇزلۇق ھېس قىلمايلا، كەلسىلە، پەشتاققا چىقسىلا» دېدى، چىقتىم. ئېيتسىلا، پەرىزات قىزىم، بىرى پەشۋا ئېيتىۋاتسا، بىرى قوچاق ئېچىۋاتسا، قايسىسىنى تاللىشىم كېرەك؟ (بىر كورۇشكا ھاراق كۆتۈرگەن ھىدايەت بىلەن ئىلھامجان كىرىدۇ.) مانا بۇ شاھلىق ھوزۇرى سۈرۈپ چىققان ھىدايەت مۇخبىردەك قايغۇ - ھەسرەتسىز ئۆتكىلى بولامدۇ بۇ جاھاندىن؟

ھىدايەت: (كەيىپ ھالەتتە) مېنىڭ دەردىم يوقمىكەن؟ قايغۇ - ھەسرىتىم يوقمىكەن؟ سېنىڭ ئالغىنىڭ «سېكرېتار مەزىن» دېگەن كۈلكىلىك ئاتاق، مېنىڭچۇ؟ تەخسە، ھىدايەت تەخسە! (كورۇشكىدىكى ھاراقنى ئىچمەكچى بولىدۇ.)

ياقۇتنىسا: بۇنى بىزگە ئالغاچ چىققانسىز، ئالاھىدە ئىختىيارىي مۇخبىر؟

ھىدايەت: ھە، ئىچىڭ، ئىچىۋېتىڭ بارى-

يوقى 300 گرام ... دەردىم يوقمىكەن؟ (بۇيرۇق ئاھاڭدا) مۇخبىر، ئالاھىدە ئىختىيارىي مۇخبىر، تۆۋەننى ئايلىنىپ كېلىمىز. چىق ماشىنىڭغا! (ئىتائەتمەنلىك بىلەن) خوش، پادىشاھى ئالەم. خىزمەتلىرىڭگە مەن تەييار! (چۈشەندۈرۈش تەرىقىسىدە) بوران ئۇچۇۋاتقان، قۇم - توپىلار توزۇۋاتقان بىر چاغدا قاندىقتۇ بىر ئات - كالا ھارۋىسى ئۇچراپ قالىدۇ. (بۇيرۇق ئاھاڭدا) زوۋانى يوق بۇ جانىۋارنى شۇنداقمۇ قىيىنىغان بارمۇ! چىقار - ھارۋىدىن چىقار. مەن سۆرەيمەن، مانا مەن!... ھارۋا شوتىسىنىڭ ئىچىگە ھاكىمىمىزنىڭ ئۆزى كىرىدۇ. ئېگىزگە قاراپ شۇنداق سۆرىگەن بولىدۇكى، ئەييۇھەنناس، مۇخبىر، نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن؟ باسە - باس! لېنتە دېگەن بىكارلىق، زاپاس. تارتىۋېرىسەن چاس - چاس - چاس ... «بوران - چاپقۇن ئىچىدە ئالغا!» دەپ ماۋزۇ قوي، ئاستىغا ئىمزاھات- چۈشەندۈرۈش ياز، دەرھال گېزىتكە ئەۋەت، ماقۇلمۇ؟... ماقۇل دېمەي نېمە ئىلاج؟

مەرۋايىت: دەردىڭىزنى تۆكۈۋېلىڭ، مۇخبىر يىگىت، ھە - يەنە!

ھىدايەت: قۇمۇلاڭدا ئويناۋاتقان بىر توپ بالىلارنى كۆرىدۇ. كېلە شۇمتەكلەر، كېلە، ھېكايە ئېيتىمىز دەپلا ئەتراپىغا ئولاشتۇرىدۇ. بىرسىنىڭ بېشىنى سىلىغان بولىدۇ. بىرەرسىنى دەس كۆتۈرۈپ «ئوغۇل بالا - ئەركەك» دەپ قويىدۇ. بىرەر ئايالنىڭ قۇچىقىدىكى بوۋاقنى قولىغا ئېلىۋېلىپ «مانا - مانا» دەپ قۇرۇق ئېغىزغا تەڭلەيدۇ. «تارت مۇخبىر، ئەپلەشتۈرۈپ تارت!» دەيدۇ، تارتىمەن. «بالىلارنىڭ غەمخورى»، «يېتىملەرنىڭ شەپقەتلىك ئاتىسى»، «نەسىللەر بىلەن تەقدىرداش رەھبەر» دېگەنگە ئوخشاش ماۋزۇدىكى سۈرەتلەر گېزىت - ژۇرناللاردا چىقىۋېرىدۇ. بىرەر دەردمەن بوۋاي - موماي ھال ئېيتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ. ئۇ يۆلەيدۇ. مەن تارتىمەن. «جاپاكەشلەرنىڭ يار - يۆلەكچىسى» دېگەن سۈرەت تەييار بولىدۇ. مەلۇم ئۆستەڭدىن ئۆتمەكچى بولىمىز. ماشىنىمىز پېتىپ قالىدۇ. كەنت باشلىقلىرى يەلكىسىدە كۆتۈرۈپ ئەپچىقىپ قويىدۇ. نېمىشقا كۆۋرۈك يوق، ھە، زادى نېمىشقا؟ پۇل بولمىسا، مانا ئۆز مائاشىمدىن بېرەي، دەرھال تۈزۈش قىلىڭلار!... ھاكىمنىڭ بەرگىنى 20—30 يۈەن، ئېشىپ كەتسە 50 يۈەن. كەنت رەھبەرلىرى ئىمام مەزىنلەرگە يالۋۇرۇپ، مەسچىت - مەسچىتتە ئېيتەك سالدى قىلىپ يۈرۈپ ئىئانە توپلايدىغان گەپ. كۆۋرۈك پۈتىدۇ. ماڭا ئوخشاش تەخسىدىن بىرى «ھاكىم ئۆزى كېلىپ لېنتا كېسىپ بەرمىسە بولمايدۇ» دەيدۇ. يەنە بىرى «كۆۋرۈككە نام بېرىش كېرەك، ‹ئادىل ھاكىم كۆۋرۈكى› دەپ نام بېرىش كېرەك!» دەپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ھېچكىم غىڭ قىلالمايدۇ. لېنتە كېسىلىش بىلەن تەڭ نەچچە شائىر - ھەۋەسكار تەرەپ- تەرەپتىن ئوقۇشۇپ كېتىدۇ تېخى:

ئەلگە داڭلىق يۇرتۇمنىڭ
شاپتۇلى ھەم ئۆرۈكى.
ھۆسنىن قوشتى يۇرتۇمغا،
ئادىل ھاكىم كۆۋرۈكى.

ئادىل ھاكىم كۆۋرۈكى،
كەلكۈندىمۇ تەۋرىمەس.
مۇنداق ئېسىل ھاكىمغا
كىم تەشەككۈر ئەيلىمەس؟

لېنتە كەسكەننى، قوشاق ئوقۇغاننى، كۆۋرۈكتىن تۇنجى قېتىم ئۆتكەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ سۈرىتىنى تارتىدىغان گەپ، بۇ قوشاقلارنى سۈرەت ئاستىغا يازىدىغان گەپ.

ئىلھامجان: مەكتەپلەرگە بارغانىدىڭمۇ؟

ھىدايەت: ھە، نېمە قىيىنچىلىقىڭلار بار، دەڭلار.

ئىلھامجان: كۆل سۈيى قۇرۇتلاپ كەتتى، سۇ ۋاقتى - ۋاقتىدا كەلمەيدۇ.

ھىدايەت: بولىدۇ. ۋەي - ۋەي - ۋەي، سۇ ئىدارىسىمۇ؟ بۇ مەكتەپكە دەرھال باسما قۇدۇقتىن بىرنى قېزىپ بېرىڭلار!... قۇدۇق قېزىلىدۇ. نامى «ئادىل ھاكىم قۇدۇقى». قانداقتۇ بىر خۇشامەتچى ئەپەندىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن يېزىپ كېتىشىدۇ بالىلار:

بىلىم - ئىنسان ئوزۇقى،
مەكتەپ - بىلىم بۇلىقى.
مەكتەپكە جان بەخش ئەتتى
ئادىل ھاكىم قۇدۇقى.

ئادىل ھاكىم قۇدۇقى
بەكمۇ تاتلىق - لەززەتلىك.
•
كىممۇ ئادىل ھاكىمدەك
چەكسىز مېھرى - شەپقەتلىك

ئىلھامجان: جىق نەرسە بىلىدىكەنسەن جۇمۇ، ھىدايەت.

مۆمىن ئاكا
ئالماس بوۋا: راست، بىلىدىغانلىرى كۆپكەن.
پەرىزات

ھىدايەت: ئادىل ھاكىمنىڭ مۇشۇنداق (قېلىن دېمەكچى) بىر دەپتىرى بار. ئۇنىڭ ئىسمى «ھاياتلىق ئىزلىرىدىن كۆرۈنۈشلەر». بىرىنچى بېتىدىلا مانا بۇ ئىلھامجان شائىرىمىزغا يازغۇزۇۋالغان «قەسەمىيادىم» دېگەن شېئىر. بۇ «شان - شەرەپ قامۇسى»نى كۆرگەن ھەر قانداق كىشى «ۋاھ، راستىنلا قىزىلبايراق ئاستىدا تۇغۇلۇپ ئۆسۈپ كاما-لەتكە يەتكەن يېڭى نەۋشىرۋانىي ئادىلىنىڭ ئۆزى ئىكەنغۇ!» دېمەي قالمايدۇ. ئۇ، ئۆ-سىدۇ، بارغانسېرى ئۆرلەيدۇ. ئەنە شۇنداق شانۇ - شەۋكەتلىك نام ئالىدۇ. ماڭا بولسا ئەبەدى ھاقارەتلىك نام - تەخسە!

[ياقۇتىنىسا كەيىپ بولۇپ قالىدۇ.]

ياقۇتىنىسا: سېنىڭ دەردىڭ مېنىڭ دەردىمگە ياماق بولمايدۇ، ياماق!

مەرۋايىت: دەردى بولمىسا خوتۇن كىشى ئىچمەمدۇ ھاراق؟ ئۆتكەن زاماننىڭ چاھار دەرۋىشلىرى گۆرۈستان قويىنىدا دەرد تۆككەن ئىكەن، دەۋرىمىزنىڭ چاھار دەرۋىشلىرى مانا بۇ گۈلىستانىدا دەرد تۆكىدىغان بولدى. سەنمۇ ئىچمىگىنى بوشتىۋال، ياقۇت!

ياقۇتىنىسا: سەن - مۆمىن ئاكام مەجنۇن، سۈيدىن قورقمايدىغان بىر يالىڭاياغ سەن. ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىڭنى پاك ساقلىغان ئادەم سەن. مەرۋايىت، سەن مەن بىلەن تەڭ، بۇ يىل 37 ياشقا كىرىدىڭ. قەددىڭنىڭ ئېرىڭ بار، ئىللىق ئائىلەڭ بار. ئالىي ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئۈچ بالاڭ بار. مېنىڭ نېمەم بار؟ راست، چىرايىم بار ئىدى، خېرىدارىم بار ئىدى. تۈگىدى، ھەممىسى تۈگىدى. ھەي بويتاق مەجنۇن، مەن سېنىڭ لەيلىڭ بولاي، ھەمراھىڭ بولاي، مېنى ئالامسەن؟ مېنى ئەمرىڭگە ئالامسەن؟

مۆمىن ئاكا: (ئۆزىنى قاچۇرۇپ) نېمە دەۋاتىسىز، ياقۇتىنىسا!

ياقۇتىنىسا: راست، ئالمايسەن، پەرىشتىدەك پاك ئادەم مەندەكنى پاكخوتۇننى ئالامدۇ؟ ئالمايدۇ، ھېچكىم ئالمايدۇ. (يىغا) ئۆمۈرۋايەت تۇل ئۆتۈشكە مەجبۇرمەن، ئۆزۈمنى ئۆزۈم غىدىغلاپ كۈلدۈرۈپ، ئۆزۈمنى ئۆزۈم گوللاپ يۈرۈشكە مەجبۇرمەن. مېنى مۇشۇ قىسمەتكە گىرىپتار قىلغان قىزىل تونلۇق مەلئۇنىنىڭ

كۆزى ئەمدى سىزگە چۈشتى. دىققەت قىلىڭ جېنىم پەرىزات، ئېھتىيات قىلىڭ. قاپقىنىغا چۈشمەڭ، مەندەك لەنىتى شور پېشانە بولۇپ قالماڭ! ئىككىمىزنى بىر ياتاقتا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانلىقىنىڭ سىرىنى بىلەمسىز؟ مەن ــ ئىشپىيون، سىزنىڭ پېيىڭىزگە چۈشكەن ناپاك ئىشپىيون!... ھا ــ ھا ــ ھا!... ئۆزىنى ئۆزى غىدىغلاپ كۈلدۈرىدىغان سارەڭ ئىشپىيون! (يىغلاپ كېتىدۇ.)

مەرۋايىت: ھەممىنى ئىچىۋېتىپسەن ــ دە، يۈر، ياتقۇزۇپ قوياي. كېلىڭ، پەرىزات. (يۆلەپ ئەپچىقىپ كېتىدۇ.)

ھىدايەت: كېتەي، ئىچىم بوشاپ، خېلى يەڭگىللەپ قالغاندەك تۇرىمەن، كېتەي.

ئالماس بوۋا
مۆمىن ئاكا : مۇئەللىم، كېتەلەرمۇ؟

ھىدايەت: ئۆيگە يەتكۈچە چىقىلىپ كېتىدۇ دەمسىلەر مېنى؟ مەن دېگەن تەخسە، ياغلىما تەخسە، ئەۋرىشىم تەخسە... (چىقىپ كېتىدۇ.)

مۆمىن ئاكا: شائىر مۇئەللىم، بۇ سۈرەتلەرگە بىر قاراپباقسىلا. بۇ ــ مەرھۇم قەددانىسىنىڭ 25 ياشقا تولغان چاغدىكى سۈرىتى. مانا بۇ ــ پەرىزاتقىزنىڭ چۆلدىكى بۇلاق بويىدا تارتىلغان سۈرىتى.

ئىلھامجان
ئالماس بوۋا :شۇنداقمۇ ئوخشىغان بولامدۇ ئادەم دېگەن.

مۆمىن ئاكا: پەرىزاتقىزنى كۆرگەندىن بۇيان ئوي ــ خىيال دەشتىدە كېزىپ يۈرگىنىم ــ يۈرگەن. بۇ قىزدىن گۈلئازات قىزنىڭ پۇرىقى كېلىۋاتقاندەكلا قىلىدۇ.

[مەرۋايىت بىلەن پەرىزات قايتىپ كىرىدۇ.]

ئالماس بوۋا: «كېتىپ بارىدۇ دەردمەن، قولىدا يوغان كەتمەن، دەردىڭنى ماڭا ئېيتما، مەن سەندىن تولا دەردمەن» دېگەندەك بىر ئىش بولدى بۈگۈن. ھەممە دەردمەن يىغىلىپتىكەنمىز، يۈرەك جاراھىتىمىز يېڭىۋاشتىن تاتىلىنىپ قالدى. شائىر مۇئەللىم، مەرۋايىتخان، ئاز ــ تولا كۈلدۈرمەمسىلە ئەمدى.

مۆمىن ئاكا: شۇنداق قىلسىلا، ئىلھامجان مۇئەللىم؛ پەرىزاتقىزمۇ ئاڭلاپ كۆڭلى ئېچىلسۇن. ھە، قېنى، مەرۋايىت.

مەرۋايىت: نېمىنى ئورۇنداپ بېرىمىز؟

مۆمىن ئاكا: «نازىركوم»نى، ھازىرقى زامان «نازىركوم»ىنى.

پەرىزات: ئاڭلايلى، مەرۋايىت ئاچا.

مەرۋايىت: كېلىڭ، ئىلھامجان، بۇ مېھمان ئۈششۈقلاردىن قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ، ئورۇنداپ بېرەيلى. (پەرىزاتقا) بۇ ــ ئىلھامجان ئاكىمىز «نازىركوم» ماۋزۇلۇق مەشھۇر تەنقىدىي ئېيتىشىش ئاھاڭى بويىچە يېزىپ چىققان «ھەقىقەتەن غالىب» دېگەن نومۇر. قېنى، ئىلھامجان.

[ئىلھامجان بىلەن مەرۋايىت ئورۇندايدۇ.]

1

بۇ ئانا تۇپراق گۈزەل ــ تۇپراق گۈزەل،
ھەر گۈل ــ گىياھ، ياپراق گۈزەل.
شېرىنە تۆككەن قەنت ــ قىيام كۆرمەي كېسەل،
تەر تۆكمىگەن يەيدۇ ھەسەل.

كۆردى كىم گۈل ئۆستۈرۈپ گۈل پەيزىنى،
ئاڭلىدى كىم ئەرزىنى.
نەۋرىسى قانداق ئالار نىمجان بوۋاي
شىللىسىدىن قەرزىنى؛
ۋاي ئەلەم، ۋاي دەرد ــ ئەلەم.

2

كومپارتىيە نۇرى بىلەن،
ئانا تۇپراق مېھرى بىلەن،
ئەلنىڭ ھالال ئەجرى بىلەن

تەلەي يېغى ياشنىدى چېچەكلەپ.
ئەلنى سۆيگەن، ئەلگە كۆيگەن
ۋىجدانلىقلار يول باشلاپ، يېتەكلەپ.

غازى داۋۇت، قازى مامۇت،
ھاجى ساۋۇت، توختى ھاۋۇت،
گادايلىقتىن قۇتۇلدى، باي بولدى.
سەۋرىخانلار، سەيلىخانلار،
نەۋرىخانلار، لەيلىخانلار
چىرايىدىن نۇر تۆككەن ئاي بولدى.
سوكال قۇيرۇق سوكسوك تەخەي
مىنىمىگەننىڭ مىنگىنى تاي بولدى.
مىنگىنى تاي، يېگىنى ماي،
ئىچكىنى سۈت - قايماقلىق چاي بولدى.
باي بولدى، ئاي بولدى،
تاي بولدى، چاي بولدى.

كۆرۈنمەس سەت قۇيۇن چىقتى،
قۇيۇن ئىچرە ئويۇن چىقتى،
مەيدانىمىزغا سورۇن چىقتى،
ئىمانىمىزغا ئورۇن چىقتى،
بۇلاڭچىغا بورۇن چىقتى،
جاپا ئەھلى ھالىغا ۋاي بولدى.
ئىچەر سۈيى - شېكەر سۈيى،
ئاھ نېمە دەي، نە قىلاي، لاي بولدى.
قان - تەر بىلەن ياشنىغان باغ
سۇغا تەشنا - قاغجىراق ساي بولدى.
باي بولدى، ۋاي بولدى؛
ساي بولدى، لاي بولدى.

بەزى ناپاك ئەمەلدارلار
ئىناق بولدى، ئۆزئارا ئەپ بولدى.
قويۇنۇم ئوغرى، قونچۇم ئوغرى،
بىر - بىرىگە مۇرۇۋۋەت - نەپ بولدى.
ماڭا قويماي، ساڭا قويماي،
ئەجدىھادەك دەم تارتتى، يەپ بولدى.
سومكىسىغا، خالتىسىغا،
چۆنتىكىگە بارىنى سەپ بولدى.
داغدا قالدى ئىشلىگەنلەر،
سەمرىپ كەتتى گۆش يېگەنلەر،
ئەل ئىچىدە بىر تالاي گەپ بولدى.
زۇۋان سۈرمەي يېتىۋەرسەك،
ئىچىمىزگە تىنىۋەرسەك،
دەرد - ئۈستىگە، ئۆرگىلەي، دەرد بولدى.
تىزىپ كەلسەك، يېزىپ كەلسەك،
بۇ ئەلەملەر نەچچە مىڭ بەت بولدى.
كاتتىلارنىڭ كاتتىسىغا،
ئەھلى يۇرتنىڭ ئاتىسىغا
يوللايدىغان بىھىساب خەت بولدى.
يەپ بولدى، دەرد بولدى،
گەپ بولدى، خەت بولدى

3

بىزنىڭ گەپلەر، بىزنىڭ خەتلەر ئۇچماقتا ھەريان،
نالە - پەرياد، غەم - ھەسرەتلەر ئۇچماقتا ھەريان.
ئاچچىق غەزەپ، سوغ نەپرەتلەر ئۇچماقتا ھەريان،
قانلىق بەتلەر، قانلىق خەتلەر ئۇچماقتا ھەريان.
دەرك، ئادالەت، ھەققانىيەت غالىب ھامانەم،
تەنتەنە - توي سەيناسىدا ئەيلەيمىز جەۋلان.

**كۆپچىلىك:** بارىكاللا - رەھمەت!

**پەرىزات:** ئىلھامجان ئاكام ھازىر نېمىشقا يازمايدۇ؟

**مەرۋايىت:** «بېلىق بېشىدىن سېسىيدۇ» دېسە، پارىخور ئەمەلدارلارغا ياقمىسا، «قۇيرۇقىدىن سېسىيدۇ» دەپ يازسا خەلقنىڭ مەسخىرىسىگە قالسا، نېمىنى يازىدۇ؟

**ئىلھامجان:** قويۇڭلار بۇ گەپنى. پەرىزاتقىزنى كېلىپ قالىدۇ دەپ نەچچە كۈنلەردىن بۇيان ئەنجۈرگە تەگمەي تۇرغان ئىدۇق. پىشىپ، مەي بولۇپ كېتىپتۇ. بىر مەززە قىلىۋالمايلىمۇ ئەمدى.

**ئالماس بوۋا:** بولىدىغان گەپ، قېنى، پەرىزاتقىز.

**پەرىزات:** پېشقەدەملەر يول باشلىمىسۇنمۇ، قېنى، مەرھەمەت.

مۆمىن ئاكا: بىز ماڭىدىغۇچە قوزغالمايدىغان ئوخشايدۇ. باشلىسىلا، ئىلھامجان، يۈرسىلە، مەزىن ئاخۇنۇم.

[ئالماس بوۋا، مۆمىن ئاكا، ئىلھامجانلار باغقا كىرىپ كېتىدۇ.]

مەرۋايىت: يۈرسىلە، پەرىزات.

پەرىزات: (كېتىۋېتىپ) ئاچا، بىر ئىشنى ئويلايمەن-ئويلايمەن، تېگى-تەكتىگە يېتەلمەيمەنا.

مەرۋايىت: قايسى ئىش ئۇ؟

پەرىزات: شۇنچە قابىلىيەتلىك بىر ئارتىس يۇڭ پوپايكا زاۋۇتىغا ئالمىشىپ ئىشچى بولۇۋالسا....

مەرۋايىت: يۈرەك يارىسى ئېچىلمىغان مەن قالغانمىدىم بۈگۈن؟ ماقۇل، ئۇنىمۇ ئېيتىپ بېرەي، ئولتۇرۇپ ئاڭلىسىلا ئەمىسە. (تېلېفون بەرگەن باشلىق قىياپىتىدە) ۋەي-ۋەي-ۋەي... بۈگۈن چۈشتىن كېيىن جىددىي سىياسىي ۋەزىپە بار. مەخسۇس ماشىنا بارىدۇ، ئارتىسلارنىڭ ھەممىسى دەل ۋاقتىدا كېلىشى شەرت! (ئۆز ھالىتىدە) بۇيرۇق دېگەن بۇيرۇق. چۈشلۈك تاماقنىڭ قازان-قومۇشلىرىنى شۇ پېتىچە قويىمىز-دە، بويايدىغاننى بوياپ، سۈرىدىغاننى سۈرۈپ تەييار بولىمىز. سائەت ئىككى بولىدۇ، ئۈچ بولىدۇ، تۆتمۇ بولىدۇ. ئالدىمىزغا كېلىدىغان مەخسۇس ماشىنا نەدە تۇرۇپتۇ. بىچارە باشلىقلىرىمىز ھال ئېيتىشقا باشلايدۇ. ۋەي-ۋەي- ۋەي.... ماشىنا كەلمىدى، بىزنىڭ ماشىنا، ئۆزلىرىگە مەلۇم، بەش ئادەم ئولتۇرۇپ، ئەللىك ئادەم سۆرىمىسە... (باشلىق ھالىتىدە) بولدى! قاچانلا بولمىسۇن ھال ئېيتىۋاتقان، دەرد تۆكۈۋاتقان! ئانلىق قىزىل ئارمىيىمىزمۇ 25 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەرنى پىيادە باسقان. بىر نەچچە كىلومېتىر يولنى مېڭىپ باقسا بولمامدىكەن ئۇ نازىنىن خېنىملار! (روھسىز ھالدا) بوغچا-بوغۇندىلىرىمىزنى قولتۇققا قىسىپ، ساتار-تەمبۇرلىرىمىزنى بويۇنغا ئېسىپ، كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتىدىغان گەپ بىر بېسىپ-ئىككى بېسىپ. نەدىكەن بىزنى كۈتۈپ تۇرغان جىددىي سىياسىي ۋەزىپە؟ سائەت ئالتىدىن ئۆتۈپ يەتتىگە يېقىنلىشىدۇ. قورساق ئېچىپ، ئۈچەيلىرىمىز ئۈزۈلىدۇ، قاش-قاپاقلىرىمىز سوزۇلىدۇ. (ئەمەلدارچە تەلەپپۇزدا) ئەرلەر، ئوتتۇرا ياش ئاياللار، كىرىپ كېتىڭلار، ئاڭلاۋاتامسىلەر، كىرىپ كېتىڭلار! ساز-پاز لازىم ئەمەس، ئۇنتۇلغۇغا ئوينايمىز! (ئۆز ئاۋازى) تانسا باشلىنىدۇ. خېنىم، (پەرىزاتنى تۇرغۇزۇۋېتىپ، سافادا كېرىلىپ ئولتۇرۇپ پاپىروس تۇتاشتۇرىدۇ.) نېمىشقا مېنى تانسىغا تارتماي ھاڭۋېقىپ تۇرىسىز؟ كېلىڭ، تازىم قىلىڭ!

پەرىزات: قىزلار تانسىغا تارتقان نەدە بار؟

مەرۋايىت: ئالدىڭىزغا بېرىپ، تازىم قىلسام بولاتتىمۇ ئەمىسە؟ سىز كىم؟ مەن كىم؟ ئېيتىڭا، مەن زادى كىم؟

پەرىزات: (بوينىدىن باغلىغاندەك بېرىپ) ئوينايلىمۇ، ئادىل ھاكىم ئالىيلىرى؟

مەرۋايىت: (كىبىرى بىلەن) ھە، (بىر قولىنى سەل-پەل كۆتۈرىدۇ.)

پەرىزات: (يۆلەيدۇ. مەرۋايىتنىڭ ئاغزىدا پاپىروس، پەرىزاتقا ھە دەپ تۈتۈن پۈۋلەيدۇ. قاچقانچە يېقىنلىشىدۇ. ئۇ يەر-بۇ يەرلىرىنى سىلايدۇ.)

مەرۋايىت: (پاپىروسنى يەرگە تۆكۈۋېتىپ) مۇنداق بىر قوشاقنى ئاڭلىغانمۇسىز؟

سۆيگۈ-ئەزدىم دەرىيادۇر،
لەيلەپ-چۆكۈپ ئاقايلى.
مەجنۇنلارچە باقايلى،
تۆشنى-تۆشكە ياقايلى.

(ھايا سىزلارچە كۈلىدۇ. ئالدىغا تارتىدۇ.)

پەرىزات: (ئۆزىنى قاچۇرۇپ) ئەپۇ قىلىڭ، ھاكىم ئالىيلىرى، سىزنى رازى قىلالمىغۇدەكمەن.

مەرۋايىت: نېمە دېدىڭ؟ (تۇمشۇقىنى يېقىن ئەكىلىپ سەت كېكىردىدۇ.)

پەرىزات: (چۆچۈپ) ھە؟ نېمە ئىش بۇ؟

مەرۋايىت: نېمە؟ نېمە دېدىڭ؟ ھۇ!...

پەرىزات: ۋايجان!... (چەتكە قېچىپ چىقىۋېلىپ، مەيدىسىنى قولىياغلىقى بىلەن سۈرتىدۇ.) ۋاي خۇدايىمەي، قانداق ئەمەلدار بۇ؟

مەرۋايىت: (ئەزەپ بىلەن) خەلق ئۈچۈن بىجانىدىل خىزمەت قىلىش دېگەننى بىلەمسەن-بىلمەمسەن؟ بىلمەمسەڭ بىلىپ قالىسەن، بىلمەيمۇ ئامالىڭ يوق! ھۇ... (ئۇز ئەسلىگە كېلىپ) ئەھۋال ئەنە شۇنداق. ياڭزىمۇ ياڭزا سەي-كاۋاپ، مەي - شارابلارنىڭ لەززىتى ئۆزگە، كېكىردىكى بىزگە! ئارا كۈندە ئالتە قاتار ئۇزى ئۈچۈن يەپ، بىز ئۈچۈن كېكىرىپ بېرىدۇرسە، ئۇنىڭ ئۇستىگە، يېرىم كېچىلەردە تاتلىق ئۇيقۇدىن ئويغىتىپ، ئاشۇنداق خىزمەتلەرگە سېلىۋەرسە.... ئاھ، بولدىلا، خەلقنىڭ ئارتىسىمەن، بىراۋنىڭ كېنىزىكى ئەمەس، ئويۇنچۇقى ئەمەس، ئارتىس بولمىغان ئادەم ئۆلۈپ قالامتى؟ دەپلا پەش قېقىپ چىقىپ كەتكەن. ياقۇتىنىسادەك ھەسرەت-نادامەت ئىچىدە ئۆتۈۋەرسەم بولامتى يا؟

پەرىزات: يەنە بىر سوئال سورىسام...

مەرۋايىت: نېمانداق تۈگمەيدىغاندۇ سوئاللىرى؟ سورىسىلا، خېنىم، سورىسىلا، بىلگىنىمنى دەۋېرەي، ۋاقتى كەلگەندە تۆمۈر كۆرجەكتە سورۇسىلا، ياغاچ قازاندا قورۇسىلا. ھە، يەنە نېمە گەپ؟

پەرىزات: مۆمىن ئاكام مەجنۇننىڭ چوڭ قىزى ئۆلگەن، كىچىك قىزى غايىب بولۇپ كەتكەن كۈنى ئادىل شېجاڭ مەستىمىكەن؟

مەرۋايىت: قارىسام، چېكىسى تېگىشلىق، قاڭشار، كۆز چاناقلىرىدا قان. دەسلەپ بىر ئاز گۇمانىمۇ قىلغان. قارىسام، «ئۇ - مېنىڭ ئۇستازىمنىڭ قىزى، مېنىڭمۇ قىزىم!» دەپ شۇنچە تەسىرلىك سۆز لەۋاتامدۇ. زۆلھايانىڭ ئۆلۈمىنىمۇ شۇنچە داغدۇغىلىق ئۇزاتتى دېسىلە. بىلىدە قارىلىق، بېشىدا شۇنچە يارىشىملىق كىچىككىنە سەللە. جىنازا ئالدىدا شۇنداققول قوۋۇشتۇرۇپ كېتىۋاتىدۇكى،

ئاھ، ئېچىلماستىن توزىغان غۇنچە،
ئاھ، ھاياتلىق يىپى بىمەھەل ئۈزۈلگەن
مەرۋايىت- ئۈنچە،
قايسى سىنىپىمي يات ئۇنسۇر ساڭا قەست
قىلغاندۇ مۇنچە!؟

(ئەسلىگە كېلىپ) ھەركىم ھەر نېمە دېگەن بىلەن بۇمۇ بولىدىغان شېجاڭ ئىكەن دەپقاپتىمەن تېخى. مۆمىن ئاكام دوختۇرخانىدىن چىقىپ، ئۇدۇل ئۆيىگە بېرىپلا ئىشىنىڭ تېگى - تەكتىگە يەتكەندەك بوپتۇ.

پەرىزات: قانداق؟

مەرۋايىت: پۇراپ باقسا، گۈلنىزاتنىڭ يوتقان - كۆرپىسىنىڭ قات - قېتىدىن ھاراق پۇرىقى كېلىۋاتقۇدەك. مۆمىن ئاكام بۇنى ماڭا دېدى، مەن كۆرگۈنۈمنى دېدىم، ئەرز قىلىش قارارىغا كەلدى، قولىمدۇق، ئەمما ئەرز ئاقمىدى.

پەرىزات: 12 يىلدىن بۇيان يەتتە قېتىم

تەكشۈرۈش كۆرۈپچىسى كەپتۇ. تۈزۈككىنە نەتىجە چىقىرالمايتۇ. نېمىشقا شۇنداق؟

مەرۋايىت: (سول قولىنىڭ دۈمبىسىنى كۆرسىتىپ) بۇ يەرنى ئۆگزە دەپ تۇرايلى. (ئالقىنىنى كۆرسىتىپ) بۇ يەرنى تورۇس. چىپ - چىپ تامچا ئۆتۈۋاتقان يەرگە (ئوڭ قول دومبىسى بىلەن سول قول ئالقىنىغا ئۇچ قېتىم ئۇرۇپ) ۋاق - ۋاق ئۇردۇۋەرسە «شىپپىدا» توختاپ قالامدۇ ئۆتۈۋاتقان تامچە؟ تازا ئوبدان پۇشۇرۇلغان بىر پومزەك كاكۇل لايىنى «ۋاققىدا» ئۇرۇپ (ئوڭ قول ئالقىنىنى بىلەن سول قول دۈمبىسىگە ئۇرۇپ) ئەتراپىنى مانا مۇنداق (سول قول دۈمبىسىنى ئايلانما ھالدا سىلاپ) بېسىپ سۈۋۈدۈۋەتسە، ئاندىن ئېتىلمەمدۇ تامچە ئۆتىدىغان تۆشۈك؟ ئۆگزىنى قويۇپ تورۇسنى، ئۈستىنى قويۇپ ئاستىنى شاپىلاقلاۋەرسە نېمىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ؟

پەرىزات: ناۋاتتەك ئاغزىلىرىغا بىر سۆيۈۋالاي، كەلسىلە! (قۇچاق ئاچىدۇ.)

(چىراغ ئۆچىدۇ، پەردە چۈشىدۇ.)

## بەشىنچى كۆرۈنۈش

(بەش ئۆزگىرىشلىك ئالاھىدە تېخنىكىلىق كۆرۈنۈش)

### بىرىنچى ئۆزگىرىش

ۋاقتى: 1990 - يىل ئۆكتەبىر، كۈندۈز.

ئېكراندا: تارام - تارام ئېقىنلىق دەريا، باغلار، غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان مەسچىت مۇنارىنىڭ ھەيۋەتلىك قوببىلىرى.

سەھنە: سېكرىتار مەزىنىنىڭ ھويلا- ئىمارىتى قىياس قىلىنىدۇ.

ئالماس بوۋاي بىلەن خوتۇنى داناخان مۇنازىرىلىشىۋاتقان ھالداپەردە ئېچىلىدۇ.

لەپەر:

**داناخان:**

ئۇرۇمچىدىن كەلدى نەۋاق بىزگە
يۆلەكداش،
چىرىك - ناپاك ئەمەلدارنى قىلمايلىمۇ
پاش؟

**ئالماس بوۋا:**

كەلكۈن كېتىپ تاش قالىدۇ، ئۇسما
كېتىپ قاش،
پۇقرا دېگەن ئاجىز توخۇم، ئەمەلدارلار
تاش.

**داناخان:**

ئۇنىڭكىدە كۈندە ئايەم، ھەپتە - ھەپتە
توي،
مۇشۇ كۈنگەقالدۇق مانا سۇنۇۋېرىپ بوي.

**ئالماس بوۋا:**

ئەقلى بارلار ئۇرۇپ يۈرمەس توخۇمنى
تاشقا،
چىللىمايلى داۋاسى يوق ئاغرىقنى
باشقا.

**داناخان:**

ھەر كىشىنىڭ ئاھۇ زارى، دەردى ئۆزىگە،
نېم بولىدۇ كىرىپ قويسا خوتۇن سۆزىگە
(ئىسەدەيدۇ.)

ئالماس بوۋا: ھوي قەدىناس، ھوي، ئۇنداق گەپنى قوي. دەپقالمايلى يەنە سۆزلىگەنگە توي - سۆزلىگەنگە توي!

داناخان: يەيدىغانىنىمغۇ يەپ بولدۇق، دەيدىغانىنى دەۋېلىپ، ئىچ - قارنىمىزنى

بوشۇتۇۋېلىپراق كەتسەك بولمامدۇ ئۇ دۇنياغا؟

**ئالماس بوۋا:** نېمىنى دەيمەن، داناخان، زادى نېمىنى دەيمەن؟

**داناخان:** چېچەك پەسلى كىرىش بىلەن تەڭ مەھەللە - ھەقەمسايىلىرىمىز: سېكرىتار، ئوبدان سېكرىتار، ئادىل دېگەن قولاق كەستىگە تۈزۈكرەك تەنبىھ بېرىپ قويسىلا، ئۇششاق بالىلىرىمىزنى قايىنامغا چۆرۈپ-چۆمدۈرۈپ ئارام بەرمەيۋاتىدۇ! دەپ دادپەرياد ئېيتىپ كىرەتتى ئەمەسمۇ؟ مۇشۇنداق گەپلەرنى دەپ بەرسىلە، قالغىنىنى ئۆزلىرى تېپىۋالامدۇ؟ ئۇنىڭ تېگى - پېيىنى ھەممىدىن چوڭقۇر بىلىدىغان ئادەم - سىلە. سىلە مۇنداق ئېغىز ئاچماي تۇرۇۋالسىلا، كىم بىر نېمە دېيەلەيدۇ؟ سىلىدىن ئېلىۋېتىدىغان مەنسەپ بارمىتى - يا؟

**ئالماس بوۋا:** ھوي قەدىناس، كېلىنگلار، ئامراق نەۋرىمىز - ئاق لەيلەم بۇ يىل قانچىگە كىردى؟

**داناخان:** 16 ياشقا.

**ئالماس بوۋا:** ئۇنىڭ بەختى - مۇرادىنىمۇ تىلەمسىلەر؟

**داناخان:** تىلىمەمدىغان؟ نېمانداق گەپ قىلىدىغانلا؟

**ئالماس بوۋا:** ماقۇل، گېپىڭلارغا كىرىپ سۆزلەي، پاش قىلاي، بىزدىن ئالالمىغان ئۆچىنى ئاق لەيلەمدىن ئېلىپ قالسا، قانداق قىلىمىز؟ بۇ ئازاب - كۈلپەتكە نېمە دەيمىز؟

**داناخان:** ئۇھ . . . (پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپ) مەن بىلمەيتتىمەن، كەم ئەقىللىق قىپتىمەن. ئۇنىڭ ئالقىنىدا نابۇت بولۇپ كەتكەن نارەسىدە قىزلار ئازمىدى؟ ئېچىلماي توزىغان غۇنچىلار ئازمىدى؟ ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان نېمە بار؟ بولدى گەپ قىلمىسىلا، ھەرگىز ئېغىز ئاچقۇچى بولمىسىلا. يۈرسىلە. (دەرۋازىنى يېپىپ، زەنجىرلەپ كىرىپ كېتىش ھەرىكىتى.)

[سادىر ئاكا بىلەن ماھىرە كىرىدۇ.]

**ماھىرە:** نېمانداق ئاچچىقلىق بولمايدىغاندۇ بۇ خەقنىڭ ئاغزىنى؟ تىلسىملىق قۇلۇپ سېلىنىپ كەتكەنمىدۇ - يا؟

**سادىر:** تۆككەن تەردىمىز، سىڭدۈرگەن ئەجرىمىز كىشىلەر قەلبىدە زىلزىلە پەيدا قىلماقتا. خەلقنىڭ كۆڭۈل مايىللىقى كۈندىن - كۈنگە روشەنلەشمەكتە. ئالماس سېكرىتار بىلەن يەنە بىر سۆزلىشىپ باقايلى.

**ماھىرە:** كىرپىدەك تۈگۈلۈپلا ئولتۇرىدىغان مەزىن ئىكەن ئۇ!

**سادىر:** «سېكرىتار مەزىن، مەزىن ئاخۇنۇم» دېگەن سۆزلەردىن خورلۇق، ئازابلىنىش ھېس قىلىدىكەن. شۇڭلاشقا «سېكرىتار، ئالماس سېكرىتار» دەپلا ئاتايلى، يېغىردىنى تاتىلمايلى، بولامدۇ؟

**ماھىرە:** بولىدۇ.

**سادىر ئاكا:** كېلىپ قالدۇق. دەرۋازىسىنى قېقىڭ.

**ماھىرە:** بولىدۇ. (دەرۋازا قاققان ھالەت، جاڭ-جاڭ - جاڭ سادا)

**ئالماس بوۋا:** (ھويلىغا چىقىدۇ.) كىم كەلگەندۇ يەنە؟

**ماھىرە:** (قايتىدىن دەرۋازا قاقىدۇ، جاڭ - جاڭ - جاڭ سادا)

**داناخان:** (چىقىدۇ) كىم ئىكەن؟

**سادىر ئاكا:** سېكرىتار، ئالماس سېكرىتار!

**ماھىرە:** داناخان ئاچا!

**ئالماس بوۋا:** ئۇ - ئۇششە! كېلىۋەرگىنى نېمىسى!

**داناخان:** ئىشىك ئالدىغا كەلگەن مېھمانغا

چىرايلىقچە ئىشىك ئاچمىساقمۇ بولماس. ئاچسىلا.

**ئالماس بوۋا:** (خۇرسىنغان ھالدا زەنجىرنى قاغا تۇمشۇقتىن چىقىرىپ دەرۋازا ئاچقان ھالەت)

**سادىر ئاكا:** ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئالماس سېكرېتار، داناخان ئاچا.

**ماھىرە:** ئەسسالام سېكرېتار بوۋا، داناخان ئانا.

**ئالماس بوۋا:** يەنە نېمىدەپ كەلگەنسىلەر، ھە، نېمىدەپ كەلگەنسىلەر! بىزگە ئارام بېرەمسىلەر - بەرمەسسىلەر؟

**داناخان:** دادىسى! (قولىغا ئېسىلىدۇ.) ئۇنداق دېمىسىلە، ئازار بەرمىسىلە.

**ئالماس بوۋا:** جىم تۇر! (سادىر ئاكىلارغا) 10 نەچچە يىلدىن بۇيان ناھىيە، ۋىلايەت، ئاپتونوم رايوندىن بولۇپ، يەتتە نۆۋەت كادىر كېلىپ كەتتى. نەتىجىسى زادى قانداق بولدى؟ سۆزلىگەن، سايرىغان، پاش قىلغانلارنىڭ ئازار يېمىگىنى، زەربىگە ئۇچرىمىغىنى، چەتكە قېقىلمىغىنى بارمۇ؟ خىلمۇ خىل تەھدىت- بېسىملار نەتىجىسىدە ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولغانلار ئازمۇ؟ ئەمدى سىلەر نېمە قىلغىلى كەلدىڭلار؟ زادى نېمە قىلغىلى كەلدىڭلار؟

ناخشا:

ئەھلى يۇرتتىن سىر ئۇغۇرلاپ كەتكىلى كەلدىڭلىمۇ؟
بۇ يۈرەكنى قايتىدىن داغ ئەتكىلى كەلدىڭلىمۇ؟

(داناخان قوشۇلۇپ)

ئاغزىدا قاپلاپ قورۇق- سۈتسىز ئىمىزگە ئانىمىنىڭ،
بىر بۆشۈكتە مەڭگۈ ئەللەي ئەتكىلى كەلدىڭلىمۇ؟
مىڭ يارا، يۈزمىڭ جاراھەت يەلكىمىز، ئىچ - باغرىمىز،
بۇ جاراھەت ئۈستىگە تۇز سەپكىلى كەلدىڭلىمۇ؟

(داناخان يىغلاپ سېلىپ، داۋاملاشتۇرالمايدۇ.)

ئازمىدى تارتقان زىيانلار ئەرزىمەس يەنچۈكنى دەپ،
كونا دام - قاپقانغا بىر دەسسەتكىلى كەلدىڭلىمۇ؟

نەزم:

بۆكىمىزگە جىگدە تاشلاپ جەۋھىرى گۆھەر بىلەن،
خالتا - خالتا تولدۇرۇپ ئەپكەتكىلى كەلدىڭلىمۇ؟

(داناخان ئالدىنقى مىسرادىن باشلاپ قوشۇلىدۇ.)

سايرىتىپ، راست سايرىتىپ ناپاك ئەمەلدار ئۈستىدىن،
ئاخىرى تاشلاپ بېرىپ چەيلەتكىلى كەلدىڭلىمۇ؟

[سەھنە بىر پەس جىمجىتلىق قوينىغا غەرق بولىدۇ. سادىر ئاكا ۋەزمىن ھالدا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.]

[ئەر - ئايال ئىككى پايلاقچى ئىككى ياقتا پەيدا بولىدۇ.]

**سادىر ئاكا:** ناخشا:

جاپا ئەھلى - ئەزىم دەريا، بۇ جاننى ئاتقىلى كەلدۇق،

**ماھىرە:** (قوشۇلىدۇ)

سىلەر پاتقان قارا پاتقاق ئىچىگە پاتقىلى كەلدۇق.
جاراھەت بوپتۇ يەلكەڭلار كاتاڭ يوللاردا يۈك سۆرەپ،
شۇ كونا ھارۋىنى، دوستلار، كۆچەپ تەڭ تارتقىلى كەلدۇق.

يېقىپ مەشئەل - چىراغى ھەق - ئادالەت-
نىڭ، دىيانەتنىڭ،
تۇمان باسقان ئانا رۇخسارىنى پارلات-
قىلى كەلدۇق.

تاناۋىنى راسا تارتىپ بالاخور ئەجدى-
ھالارنىڭ.
ئەلەم چەككەن جاپاكەش كۆڭلىنى ياي-
راتقىلى كەلدۇق.

**ئالماس بوۋا:** ئەپەندىم! (ھاياجانلانغان ھالدا سادىر ئاكا بىلەن كۆرۈشىدۇ.)

**داناخان:** خانىم: (يېرىم قۇچاقلاپ، يۈز ياقىدۇ.)

**ئىككى پايلاقچى:** (ئالاقىزادىلىك ئىچىدە) ھە!؟

(چىراغ ئۆچىدۇ.)

## ئىككىنچى ئۆزگىرىش

ۋاقتى: 1990- يىل نويابىرنىڭ ئاخىرى، كۈندۈز.

ئېكراندا: تارام - تارام ئېقىنلىق دەريا، يالىڭاچلىنىپ قالغان باغلار، ئالاھىدە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان مەسچىت مۇنارىنىڭ ھەيۋەتلىك قۇببىلىرى.

سەھنە: يېزا يولى قىياس قىلىنىدۇ.

[ئەزىمەت ئېرىككەن ھالدا كىرىدۇ، قولىدا تېلپىگرامما قەغىزى.]

**ئەزىمەت:** (ئەركىن دېكلىماتسىيە)

تېلپىگرامما.
تېلپىگرامما،
بىزگە تەشنا تۇرسا ئاما،
كەلدى نەدىن بۇ تېلپىگرامما،
نەس تېلپىگرامما!

ياز پەسلىدىن كەچكۈزگىچە،
دەرۋازىلار قېقىپ ئۆتتۇق.
ئوتلىرىدا كۆيۈپ ئەلنىڭ،
سۇلىرىدا ئېقىپ ئۆتتۇق.
غېرىبسىنغان كۆڭۈللەرگە،
ئۈمىد شامى يېقىپ ئۆتتۇق.
قانچە - قانچە قاپقان - تۇزاق،
چىتلىق تاملار چېقىپ ئۆتتۇق.
بىزگە تەشنا تۇرسا ئاما،
كەلدى نەدىن بۇ تېلپىگرامما!

ئەل ئاتاشتى «مەھردىگىياھ» دەپ،
دەردىمىزگە مەلھەم - داۋا دەپ.
يۈرەكزادە يۇرتىمىزغا
كەپتۇ گويا ئەلى بابا دەپ.
چۈشىسە تەختىتىن ناپاك ئەمەلدار،
يۈتكەي چىرىك ئاپەت - ۋابا دەپ.
بەدبۇي يوقاپ يۇرتتىن ئەبەدكە،
بولغاي تازا - ساغلام ھاۋا دەپ.
بىزگە تەشنا تۇرسا ئاما،
كەلدى نەدىن بۇ تېلپىگرامما!

دوپپىسىنى كۆككە ئاتقاي،
بىزگە قارشى ھاۋشۇغانلار.
خۇشلۇقىدىن جام كۆتۈرگەي،
چەمبەرسىمان قورشىغانلار.
قۇرۇق قالماس نەپ - ھايادىن،
پەتنۇستا گەپ توشۇغانلار.
ئەمدى قالغاي قايسى كۈنگە،
سۆزلەپ ئىچى بوشىغانلار!
شۇنچە تەشنا تۇرسا ئاما،
نەدىن كەلدى بۇ تېلپىگرامما!؟

[ئىككى پايلاقچى ئىككى ياقتىن مارلاپ

كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ كۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن.]

**ئىككى پايلاقچى:**

بەگباش موزاي چاپىدۇ،
بارار يېرى سامانلىق.
كىم چېقىلسا ھاكىمغا،
يوق ئاراملىق، ئامانلىق!

(ئەزىمەتنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ، قاقاقلاپ كۈلىدۇ.)

**ئەزىمەت:** كۆرىمىز تېخى!

(چىراغ ئۆچىدۇ.)

## ئۈچىنچى كۆرۈنۈش

ۋاقتى: 1991- يىل فېۋرالىنىڭ ئاخىرى، كۈندۈز.

ئېكراندا: ئۈرۈمچى «خەلق تىياتىرخانا»سىنىڭ ئالدى. قار ئۇچقۇندىماقتا. ئىككى ياقتىكى قارىغايلار ئاپئاق قار ئاستىدا. ھەر خىل ئاپتوبۇس، پىكاپلار ماۋكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ.

[سادىر ئاكا بىلەن ماھىرە سۆزلىشىپ، ئاستاغىنا كېتىۋاتىدۇ.]

**ماھىرە:** 7- ئومۇمىي يىغىن بىزنى يېڭىباشتىن سەپكە ئاتلاندۇرغاندىن بۇيان تۈزۈكرەك ئارام ئالالمايۋاتىمىز، سادىر ئاكا. چاغان بايرىمىنى سانجى، شىخەنزە، قاراماي، كۈيتۈڭلەردە ئىز قوغلاش بىلەن ئۆتكۈزدىڭىز.

**سادىر ئاكا:** قايىنامىدىن سۈزۈۋېلىنغان ئۈچ بالىنىڭ ھەممىسى تېپىلدى.

**ماھىرە:** ئەپسۇسكى، گاۋ فامىلىلىك بىرى بىزنىڭ «ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان پىداكار»دىمىز كەلتۈرۈپ چىقارغان قانسىز پاجىئە تۈپەيلىدىن ساقايماس تۇتقاقلىق كېسىلىگە گىرىپتار بوپتۇ. كىنو - تېلېۋىزور ئېكرانلىرىدا دەريا - دېڭىز كۆرۈنگەن ھامان كېسىلى قوزغىلىدىكەن. رەڭلىك شار كۆرگەندىمۇ، قورقۇش - ئەندىكىشتەك روھىي ھالەتلەر يۈز بېرىدىكەن. 31 ياشقا كىرىپتۇ، تېخىچە بويتاق ئىكەن.

**سادىر ئاكا:** بۇ ئەھۋالنى ئەڭ ئېنىق بىلىدىغان كىشى - بەي رەسسام. ئۇ، دالىيەندە. ھەربىي سومكىنى يىتتۈرۈپ قويغان تۈەنجاڭمۇ دالىيەندە. تۇراق چەپچىي، مەخەت دابىزا قاتارلىق قولاق كەستىلەرمۇ شۇ تەرەپلەردە.

**ماھىرە:** نورۇز بايرىمىنىمۇ يولدا ئۆتكۈزىدىغان بولدىڭىز - دە، سادىر ئاكا.

**سادىر ئاكا:** كۆردىڭىز، ئاڭلىدىڭىز، قىزىم، جاپاكەش خەلق بىزنى «ئەلى بابا» دەپ ئاتىدى. ئۇلار تىلسىملىق غارنىڭ قاپقىقىنى ئېچىشىمىزنى، بىنوموس قاراقچىلارنى بىر تەرەپ قىلىپ، دۆلەت ۋە خەلققە مەنسۇپ بولغان بىباھا خەزىنىنى دۆلەت ۋە خەلققە ئەينەن تاپشۇرۇشىمىزنى كۈتمەكتە. پارتىيە قوللاۋاتسا، خەلق شۇنچە زور ئۈمىد كۈتۈۋاتسا، ئاز - تولا جاپا چەكمىسەك بولامدۇ، قىزىم؟

**ئەزىمەت:** (ئالدىراش كىرىدۇ) شوپۇر ساقلاپ تۇرغان بىلەن لىيوتچىك ساقلاپ تۇرمايدۇ جۇمۇ، سادىر ئاكا، يۈرۈڭ.

**سادىر ئاكا:** خوش، قىزىم، ماتېرىياللارنى پۇختا رەتلەپ تۇرۇڭ. خوش. (ئەزىمەت بىلەن بىللە چىقىپ كېتىدۇ.)

[ئېكراندا چوڭ تىپتىكى يولۇچىلار ئايروپىلانى]

**ماھىرە:** خوش، سالامەت بولۇڭ سادىر ئاكا؛ خوش، زامانىۋى شائىر!

(چىراغ ئۆچىدۇ.)

## تۆتىنچى ئۆزگىرىش

ۋاقتى: 1991ـ يىل ئاپرېل، كۈندۈز.

ئېكراندا: چەكسىز دېڭىز، ئۈزۈپ يۈرگەن كېمە ـ پاراخوتلار، ئەركىن پەرۋاز قىلىۋاتقان سانسىز دېڭىز قۇشلىرى.

سەھنىدە: سافا، چاي شىرەسى، كۆلىدان قاتارلىقلار.

بەي رەسسامنىڭ قولىدا بوياق تاختىسى، موي قەلەم، ئالدىدا ئالاھىدە يوغان رەسىم جاھازىسى، جاھازىدا يىراققا تىكىلگەن بىر ئۇيغۇر ئانىنىڭ ماي بوياق رەسىمى. رەسىم ئاستىدا «ئۇلۇغ ئانا، سۆيۈملۈك ئانا» دېگەن ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە خەت. بەي رەسسام بۇ رەسىمگە يىراق ـ يېقىندىن، كۆزەينەكلىك ـ كۆزەينەكسىز نەزەر سالىدۇ.

**بەي رەسسام:** (ھاياجان بىلەن) ئادا قىلدىم، ۋىجدانىي قەرزىمنى ئاخىرى ئادا قىلدىم! جاڭ شىجاڭدىن پىكىر ئېلىپ باقسام، كاۋاپچى ئۇيغۇرلاردىن پىكىر ئېلىپ باقسام....

[مۇزىكىلىق قوڭغۇراق يېقىملىق سادا بېرىدۇ.]

**بەي رەسسام** (رەسىم بىلەن بەنت) كىرىڭلار، كىرىۋېرىڭلار.

**سادىر ئاكا / ئەزىمەت:** (كىرىدۇ، ئەزىمەتنىڭ قولىدا سومكا) ياخشىمۇسىز، بەي رەسسام؟

**بەي رەسسام:** (ھەيرانلىق ۋە خۇشاللىق بىلەن) ياخشىمۇسىلەر، ئۇيغۇر قېرىنداشلار؟ قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەندۇ سىلەرنى؟ (كۆرۈشىدۇ). مەن ئېسىپ قوياي. (سادىر ئاكىنىڭ پەلتۇ، شىلەپىلىرىنى كىيىم ئاسقۇچقا ئاسىدۇ.)

**سادىر ئاكا:** (رەسىمگە قاراپ) ۋاھ، قالتىس ئىجادىيەتقۇ بۇ؟

**ئەزىمەت:** كارامەت ـ كارامەت!

**سادىر ئاكا:** ماۋزۇسىمۇ قالتىس ئىكەن: «ئۇلۇغ ئانا،

**ئەزىمەت:** سۆيۈملۈك ئانا!»

**سادىر ئاكا:** «ئۇلۇغ ئانا، سۆيۈملۈك ئانا» ـ نېمىدېگەن ئاجايىپ تېما ـ ھە؟

**بەي رەسسام:** ھەقىقەتەن ئاجايىپ ئانا ئىدى، تەڭداشسىز ئۇلۇغ، چەكسىز سۆيۈملۈك ئانا ئىدى!... پوستەك ئۆرلەپ كەتكەن شور توپراققا يالىڭاياغ دەسسەپ، يەلكىسىدە تاغ يۆتكەيدىغان قەھرىمان ئانا ئىدى. خالىغانچە قېزىپ ـ كولاپ خانىۋەيران قىلىۋېتىلگەن چۇچۇكبۇيا مەيدانلىرىدىن مىڭبىر جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە شىرنە ـ شەربەت يىغىپ، ئۆزى يېمەي بىزگە بېرىدىغان خىسلەتلىك ھەسەل ھەرىسى ئىدى،.. مېھرىبان ئانام «ئېچىلىش ـ سايراش» مەزگىلىدە ئالەمدىن ئۆتكەن ئىكەن. «مىسلى كۆرۈلمىگەن زور ئىنقىلاب»دەۋرىدە دادامدىنمۇ ئايرىلدىم. ئاشۇ ناھىيىگە قايتا تەربىيە ئېلىشقا ئەۋەتىلدىم. ئۇ يەردە ئۆتكەن ئاي ـ پەسىللىرىمنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالالمايمەن. ماڭا تۇز بەرگەن، ئاش ـ نان بەرگەن، تىل ـ يېزىق ئۆگەتكەن، جاپا ـ مۇشەققەتكە بەرداشلىق بېرىش ۋە يېڭىشنى ئۆگەتكەن ئايتۇرانخان ئىسىملىك بۇمېھرىبان ئانامنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالالمايمەن!

**سادىر ئاكا:** بىز تۇزىنى يەپ تۇزلۇقىنى چاقىدىغان، ئاش بەرگەنگە تاش بېرىدىغان، بېشىنى سىلىغانىنىڭ قولىنى چىشلەيدىغان تۇزكور مەخلۇقلاردىن قاتتىق يىرگىنىمىز، نەپرەتلىنىمىز. ئاش ـ تۇز بەرگەنىنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان، ياخشىلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشنى بىلىدىغان سىزگە ئوخشاش پەزىلەتلىك كىشىلەرنى تولىمۇ قەدىرلەيمىز، سېغىنىپ ـ سېغىنىپ

ئەسلەيمىز. ئىزدەپ-سوراپ يوقلاپ كېلىمىز. مانا بۇ ئازغىنە كەم ئۈچ يىللىق ئۆمرىدىگىمىز ئۆتكەن ئاشۇ زېمىننىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى—پىستە - بادام، ئاز بولسىمۇ، كۆپ ئورنىدا قوبۇل قىلغايسىز.

بەي رەسسام: رەھمەت - رەھمەت. بۇ رەسىمگە ھەقىقىي باھا بېرەلەيدىغان ئۇيغۇر قېرىنداشلارغا تولىمۇ مۇھتاج بولۇۋاتقان ۋاقتىمنىڭ دەل ئۆزىدە كېلىپ قالدىڭلار. ھاياجىنىمنى باسالماي قالدىم. بىرەر ئىستاكاندىن كافېي دەملەشنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ئەپۇ قىلىڭلار. (سوۋغىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ.)

ئەزىمەت: دالىيەن دېگەننىمۇ قالتىس شەھەر ئىكەن جۇمۇ، سادىر ئاكا، دېڭىز مەنزىرىسى نەقەدەر گۈزەل- ھە؟ مانا بۇ 12-قەۋەتتىن ھەممە يەرنى كۆرگىلى بولىدىكەن!

[سادىر ئاكا بىلەن ئەزىمەت دېڭىز مەنزىرىسىنى بىردەم تاماشا قىلغاندىن كېيىن ئىختىيارسىز ھالدا يەنە ھېلىقى رەسىمگە قاراپ قالىدۇ.]

سادىر ئاكا: ھەقىقىي ئۇلۇغ، سۆيۈملۈك ئانا ئوبرازى نامايان بوپتۇ.

ئەزىمەت: ئۆز ئانامنى كۆرگەندەكلا بولۇۋاتىمەن.

[بەي رەسسام بىر پەتنۇستا ئۈچ ئىستاكان كافېي ئېلىپ كىرىدۇ، قولتۇقىدا ئۆزىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى توپلىمى.]

بەي رەسسام: مەرھەمەت قىلىڭلار.

سادىر ئاكا
ئەزىمەت : رەھمەت.

بەي رەسسام: ئەينى زاماندا سۇدىن سۈزۈۋېلىنغان ئۈچ بالىنىڭ ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئىلتىماسى ھەم گۇڭشې ھەربىي ۋەكىلىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە قالتىس بىر رەسىم سىزىشقا كىرىشتىم. نەچچە كۈنلەرگىچە ئۇيقۇمۇ بارالمىدىم. بىر كۈنى مۇشۇ ئانام ئىزدەپ كەپتۇ. پۈتەي دەپ قالغان رەسىمگە بىر قاراپ قويۇپلا، «بىزدە «ئۆلۈكنى قارغا كۆمگىلى بولمايدۇ» دېگەن گەپ بار، دېدى-دە، مەيۈسلىكىنى چىقىپ كەتتى. كېيىن ئۇقسام، ئۆتۈپ كەتكەن بىر ئالدامچىغا گىگانت ھەيكەل تىكلەپتۇق ئەمەسمۇ. «جاپادىنمۇ، ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايدىغان مۇنەۋۋەر پىداكار ياش» دېگەن يالتىراق تاجنى كېيگۈزۈپ قويغانلىقىمىزغا قارىمامدىغان!

سادىر ئاكا: بىزمۇ دەل مۇشۇ ئادەم توغرۇلۇق سۆزلەشكىلى كەلگەن ئىدۇق.

بەي رەسسام: قارغا كۆمۈلگەن جەسەت ئەمدى تالتۆكۈس ئېچىلىپ قاپتۇ-دە!

ئەزىمەت: ھەئە، بەك سېسىپ كەتتى.

بەي رەسسام: ئۇنداقتا، جاڭ شىجاڭ بىلەنمۇ سۆزلىشىدىكەنسىلەر-دە، ئۇ ئۆز دەۋرىدە ھەربىي سومكىسىنى يىتتۈرۈپ قويغان جاڭ تۇەنجاڭ بىلەن؟

ئەزىمەت: سۆزلىشىمىز - سۆزلىشىمىز. ئۆيى يېقىنمۇ؟ ئادرېسىنى، تېلېفون نومۇرىنى بىلەمسىز؟

بەي رەسسام: ئالدىرىماڭ، مۇنچە ھودۇقۇپ كەتمەڭ. ھازىر چۈش ۋاقتى بولۇپ قالدى. ئاۋۋال تاماق يەيلى. ئۇيغۇرلاردا «ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام» دېگەن ماقال بارغۇ؟

ئەزىمەت: «تائام»؟

بەي رەسسام: ئەجەبلەنمەڭ، كاۋاپ يەيمىز. ئۇيغۇر كاۋاپچىلار بىزنىڭ دالىيەندىمۇ بار.

ئەزىمەت: «بىزنىڭ دالىيەندىمۇ بار» دېگىنىڭىز نېمىسى؟ ئۇلار ئاي شارىدىمۇ بار دەڭ، ئاي شارىدا!

بەي رەسسام: ئۇيغۇرلار قالتىس چاقچاقچى كېلىسىلەر-ھە!

ئەزىمەت: چاقچاق ئەمەس، جىق گەپ. 1960- يىلى 4- ئايدا ئاي شارىدا يۈز بەرگەن ھەقىقىي ۋەقە بۇ!

سادىر ئاكا: ئاغزىڭ يەنە ئېچىلىدىغان بولدى-دە.

بەي رەسسام: ئاڭلاپ باقمايلىمۇ ئۇ «ھەقىقىي ۋەقە»نى.

ئەزىمەت: (مەغرۇرانە) مەن سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ مەشھۇر ئالىم ئۇچقۇچىسى يۈرىي گاگارىن مەن. تا بۈگۈنكى كۈنگىچە ئىنسانىيەتتىن چىقالمىغان مانا بۇ ئاي شارىغا بىرىنچى بولۇپ چىققان ئۇلۇغ كىشى مەن! ئۇھ، ئەجەب تۇتتى خۇمارىم. ئاي شارىدا «كازبېك» چەكسە قانداق بولىدىغاندۇ؟ نېمە ئىش بۇ؟ چاقمىقىم چېقىلمايدۇ-يا؟ ۋاھ، سەرەڭگەمۇ يېقىلمايدۇ-يا؟... ھە؟ نېمە كارامەتتۇ بۇ؟ ئاي شارىغا قەدەم باسقان بىرىنچى ئادەم مانا مەن دەپ پەخىرلىنىپ يۈرسەم، ئاۋۇ يەردە بىرسى كېلىۋاتامدۇ؟ بېشىدا چىرايلىق بادام دوپپا، بويتاسىمىلىق خەنجەر، پۇتىدا خۇرۇم ئۆتۈك، قولىدا بېلىق ئالغۇچىنىڭ تۇمشۇقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان يېڭىنىڭ تىپلىق زامانىۋى قورال، قورال ئۇچىدا يالىلداپ تۇرغان بىر تال ئوق. ئەزرائىل دېگەن شۇمىدۇ-يا؟ (خىرىستىيانچە چوقۇنغاچ، سادىر ئاكىنى ياردەمگە چاقىرىپ ئىشارەت قىلىدۇ.)

سادىر ئاكا: مۇنچە ھودۇقۇپ كەتمەك، تاۋارىش گاگارىن، بۇ دېگەن لاخشىگىر، مانا بۇ يالىلداپ تۇرغان ئوقتەك كۆرۈنگىنى — چوغ، بىزنىڭ كاۋاپدانىمىزنىڭ چوغى. قېنى مەرھەمەت، تۇتاشتۇرۇۋېلىڭ «كازبېك»ىڭىزنى.

ئەزىمەت: (ھودۇقۇپ) سىز؟... سىز؟ ...

سادىر ئاكا: مەن ئۇيغۇر، بۇ يەردە تىجارەت قىلىۋاتقىنىمىزغا ئۇزۇن يىللار بولۇپ قالدى. سەيلە-ساياھەتچىلەر ئۈچۈن بىجاندىل خىزمەت قىلىش، چەكلىك ھاياتىمىزنى چەكسىز خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا بېغىشلاش بىزنىڭ ئىنتېرناتسىئونالىزملىق مەجبۇرىيىتىمىز، شان-شەرىپىمىز. ئېيتىڭا، نېمە مەقسەت-مۇددىئا بىلەن كېلىپ قالغانتىڭىز؟ نېمانچە تېنەپ-تەمتىرەپ يۈرىسىز بۇ يەردە؟

ئەزىمەت: ئاي شارىدا لەيلەپ يۈرگەن داغىستان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىش، سىرىنى ئېچىش ئۈچۈن.

سادىر ئاكا: بىزنىڭ كاۋاپدانىدىن كۆتۈرۈلگەن ئىس-تۈتەكنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئالاھىدە كەپتىكەنسىز-دە، گاگارىن ئەپەندى. يۈرۈڭ، كاۋاپ يەپ، مۇسەللەس ئىچكەچ تەتقىق قىلىڭ.

بەي رەسسام: ھا-ھا-ھا!... جاڭ شىجاڭمۇ ئاڭلىسۇن. دەرھال چاقىراي، قانغۇچە مۇڭدىشايلى!

(تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئالىدۇ.)

(چىراغ ئۆچىدۇ.)

## بەشىنچى ئۆزگىرىش

ۋاقتى: 1991- يىل ماي، كۈندۈز.

ئىكراندا: شېنجېن ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونىغا خاس ئاسمانپەلەك بىنالار. يەن سوجاڭ بىلەن يەنە بىر ساقچى قاپقارا، قويۇق بۇدۇر چاچلىق، يارىشىملىق بۇرۇت قويۇۋالغان سالاپەتلىك بىر ئادەمنى سوراق قىلماقتا. ئۇ — تۇتۇۋلماس ئوغرى تۇراق چەپچى.

تۆراق: ماڭا تۆھمەت قىلىۋاتىسىلەر، زىيانكەشلىك قىلىۋاتىسىلەرا بۇ شېنجېڭ ئالاھىدە رايونىغا چەت ئەللىكلەر كەلسە ھېچگەپ يوق، شىنجاڭلىق ئۇيغۇر كەلسە گەپ بارمىكەن.

يەن سوجاڭ: تولا بىشەملىك قىلماي، شېرىكلىرىڭنىڭ ھەممىنى دە!

تۆراق: مەن دېگەن مۇسۇلمان، جىك مۇسۇلمان. بىزنىڭ خۇدايىمىز بار. ناماز ئوقۇيمىز، روزى تۇتىمىز.

يەن سوجاڭ: بىزنىڭ ئۆزگەرمەس پىرىنسىپىمىز- ئىقرار قىلغانلارغا كەڭ، قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرگە قاتتىق بولۇش. ئەمدى سەن ئۈچ شېرىكىڭنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيت!

تۆراق: قايسى ئۈچ شېرىكىم ئىكەن ئۇ؟

يەن سوجاڭ: ئۆزۈڭ پاش قىلغان خۇدايى، روزى، نامازدىچۇ؟

تۆراق: بۇشى-بۇشى، نىمدى ما ئا - ۋادى تيەننا، ۋادى ما ئەي خۇدا يا... جىڭگى ياڭزا.

يەن سوجاڭ
ساقچى
: ھا...

تۆراق: نامازى جىڭگى ياڭزا (نامازنىڭ پۈتۈن ھەرىكەتلىرىنى ئاۋازلىق-ئاۋازسىز دورايدۇ.)

يەن سوجاڭ: روزى-شىمايىسى؟

تۆراق: ۋامىن دىمايى نيەندىما سانشى تيەن بۇ چىش پەن.

يەن سوجاڭ
ساقچى
: ھە؟ ئوتتۇز كۈن تاماق يېمەيدۇ؟

تۆراق: (ئەركىن، بەھۇزۇر ھالدا) مۇشتىەك چېغىمىزدا نېمە دەپ ئويناپتىمىز دېمەملا، يەن سوجاڭ؟ (بالىلارچە)

روزى تۇتتۇم جان ئۈچۈن،
كېچە قوپتۇم كال ئۈچۈن.
تۇتماي دېسەم قورقىمەن،
گۆردە توقماق بار ئۈچۈن.

خەقنىڭ بىر تال يىپ - يىڭنىسىگە قارا سانىغان ئادەمنىڭ جېنىغا ۋاي، گۆرگە بارغاندىچۇ، توقماق يەيدىغان گەپ. تۆمۈر توقماقا بىلىپ تۇرۇپ شۇنداق ئىشنىمۇ (ئىختىيارسىز ھالدا يانچۇقچىلىق ھەرىكىتىنى دوراپ سالىدۇ.) قىلامدىغان؟

ساقچى: (سوجاڭغا) گۇۋاھچىدىن نەچچىسى بولغان بىلەن ھېچقانداق ماددىي پاكىتى بولمىسا...

يەن سوجاڭ: ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاز سانلىق مىللەت ئىكەن، ھەي... (پاپىروس تۇتاشتۇرىدۇ.)

تۆراق: بىرەر تال ئىلتىپات قىلىۋەتسىلە، سوجاڭ، قىمىلداپ كېتىۋاتىمدۇ. (تاشلاپ بەرگەننى تۇتۇۋېلىپ) چاقماقلىرىڭنىڭ ئوتىنى بىر كۆرۈپ باقىلى، سوجاڭ. (تۇتاشتۇرۇۋېلىپ) بىزنىڭ يۇرتىمىزمۇ بېرىپ قالارلا، سوجاڭ، قوي - قوزا دېگەننى پۈتۈن - پۈتۈن بويىچە تونۇرغا سېلىپ، شۇنداق كاۋاپ قىلىمىزكى، تونۇر كاۋىپىنى كۆرۈپ باققانمۇ؟

[تېلېفون جىرىڭلايدۇ.]

يەن سوجاڭ: شۇنداق، مەن شۇ. بىرسى بارلىقىغۇ بار، بىراق ئىسمى ئۇنداق ئەمەس، ئايدىڭ باشمۇ ئەمەس. قاپقارا بۇدۇر چاچلىق، قارا بۇرۇتلۇق سالاپەتلىك قىنا بىر ئادەم. بولىدۇ، كەلسۇن، قارشى ئالىمىز. كۆرۈپ باقسۇن، رەھمەت سىزگە. (تېلېفوننى قويۇپ، ساقچىغا) ئىككى نەپەر ئۇيغۇر يولداش كەلمەكچى، ئالدىغا چىقىڭ،

**ساقچى:** خوپ. (چىقىپ كېتىدۇ.)

**تۇراق:** مەن دېمىدىممۇ، سوجاڭ؟ بىز دېگەن سىلە ئويلىغاندەك ئىگە - چاقىسىز سالپا - ساياق ئادەملەردىن ئەمەس. بىكارلىق دۇيبۇچىدىن بىر قېچاق كۆتۈرتۈپ قويىدىغان بولدىلا - دە، يەن سوجاڭ.

[ھېلىقى ساقچى سادىر ئاكا بىلەن ئەزىمەتنى باشلاپ كىرىدۇ. ئەزىمەتنىڭ قولىدا قېلىنغىنا دېلو سومكىسى.]

**سادىر ئاكا / ئەزىمەت:** ياخشىمۇ سىز، يەن سوجاڭ.

**يەن سوجاڭ:** ياخشىمۇ سىلەر؟ (كۆرۈشىدۇ.) نەتىجىسىنى سىلەردىن ئاڭلايلى ئەمىسە. خوش. (چىقىپ كېتىدۇ.)

**تۇراق:** ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئاغىنىلەر، ئەجەب تەقەززا قىلدىڭلار.

**ئەزىمەت:** (ئادەتتىكىچە) شۇنداقمۇ؟

**تۇراق:** يولۇڭلارغا قاراپ كۆزۈم تېشىلەي دېدى. ماغدۇرۇممۇ ئۈزۈلۈپ كەتتى دېگىنە، ئۇكا.

**ئەزىمەت:** بىز كەلدۇق، خاتىرجەم ئولتۇرۇپ ئارام ئېلىۋال.

**تۇراق:** ئالاھىدە رايون دېگەننىڭ نى - نى ئالاھىدە جايلىرى تۇرسا، مۇنداق يەردىمۇ ئارام ئالامدۇ كىشى؟ بۇ ئاكىمىزنىمۇ باشلا.

**ئەزىمەت:** (گەجگىسىدىن بېسىپ) تىنچ ئولتۇر دەۋاتىمەن سېنى!

**تۇراق:** سىلەر زادى... (ئورنىدىن تۇرماقچى بولىدۇ.)

**ئەزىمەت:** مىدىرلىما دەيمەن!

**سادىر ئاكا:** ئېتىڭ نېمە؟

**تۇراق:** ئېتىم؟ مېنىڭ ئېتىمما؟

**سادىر ئاكا:** ھەئە، سېنىڭ ئېتىڭ، مۇسۇلمانچە ئەزان چىللاپ قويۇلغان ئىسمىڭ.

**تۇراق:** ئابدۇخېلىل.

**سادىر ئاكا:** داداڭنىڭ ئېتىچۇ؟

**تۇراق:** ئابدۇجەلىل مەخسۇم ھاجى.

**ئەزىمەت:** راستىڭنى دە!

**تۇراق:** بىر ئەھلى مۇسۇلمان، ئىمانى كامىل ئەركەك تۇرۇپ يالغان سۆزلىسەك بولامدۇ، ئۇكام؟ يالغانچىلىق دېگەننى شەيتانغا بەرگەن، قارا يۈز شەيتانغا.

**ئەزىمەت:** ئەھلى مۇسۇلمانىمىش تېخى! (كەيمە چېچىنى يۇلۇپ ئېلىپ يەرگە ئاتىدۇ.)

**تۇراق:** ھە؟!

**ئەزىمەت:** «ئىمانى كامىل ئەركەك»مىش تېخى! (يالغان بۇرۇتىنى يۇلۇپ ئېلىپ يەرگە ئاتىدۇ.)

**سادىرئاكا:** (بىر سۈرەتنى چىقىرىپ) بۇ ئادەمنى تونۇمسەن؟

**تۇراق:** تونۇمايمەن.

**سادىر ئاكا:** (يەنە بىر سۈرەتنى چىقىرىپ) بۇنى تونۇمسەن؟

**تۇراق:** ياق، تونۇمايمەن!

**سادىر ئاكا:** (يەنە بىر سۈرەتنىچىقىرىپ) بۇ ئۈچ ئادەمنىڭ قايسىسى سەن؟

**تۇراق:** بۇ دېگەن 20 نەچچە يىل ئالدىدىكى سۈرەت.

**سادىر ئاكا:** خوش، ئۇنداق بولسا، بۇكىم؟

**تۇراق:** بۇ - ئادىل ئابابەكرى - ئادىل ھاكىم.

**سادىرئاكا:** بۇچۇ؟

**تۇراق:** مەخەت - مەخەت دابىزا.

**سادىر ئاكا:** خوش، ئوڭ چەتتىكى بۇ ئادەم كىم؟

**تۇراق:** مەن.

**سادىر ئاكا:** ئېيتقىنا، ھەقىقىي ئىسمىڭ نېمە؟

تۆراق: تۆراق.

سادىر ئاكا: لەقىمىڭچۇ؟

تۆراق: چەپچى، تۆراق چەپچى.

سادىر ئاكا: بۇ ئىككى بۇرادىرىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭنى سۆزلەپ باققىنا.

تۆراق: ئۇلارنى كۆرمىگىنىمگە 20 ـ 25 يىل بولۇپ قالدى. ئىككى يىل بىللە ئوقۇغاندىن باشقا ھېچقانداق مۇناسىۋىتىم يوق.

سادىر ئاكا: ئۇنداق ئەمەستۇ؟ ئاز ـ تولا ئىمكانىيەت قالدۇرۇپراق سۆزلە!

تۆراق: يالغان بولسا، ئىمانسىز كېتەي!

ئەزىمەت: سەندەك قارا يۈرەكتە ئىمان نېمە قىلىدۇ؟ ئەي كەسپىي يانچۇقچى، تۇتۇلماس ئوغرى ـ تۆراق، ئىسمىڭنى ئاڭلىغان ھامان ئوغرى ـ بۇلاڭچى، يانچۇقچى ـ سىياسىي يانچۇقچى، قاراقچى ـ قاتىللارنىڭ ھەر قانداقى دىر تىترەيدىغان بىر ئاتاقلىق جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىمىنى كۆرگەنمۇ؟

تۆراق: كۆرگەن، نى ـ نى سوجاڭ، يۈەنجاڭ دېگەنلەرنى كۆرگەن بىز!

ئەزىمەت: جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسى بويىچە مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى، ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ئالىي دەرىجىلىك رازۋېتچىك ـ سادىر ئاكىنى كۆرگەنمۇ؟!

تۆراق: ھە!؟ (ئورنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئىككى تىزى «جاققىدە» يەرگە تېگىدۇ) دەي ـ دەي... بۇرۇنقىنى دەمدىمەن ـ ھازىرقىنىمۇ؟ يېڭىسىنىمۇ دەمدىمەن ـ كونىسىنىمۇ؟ چوڭىنى دەمدىمەن ـ كىچىكىنىمۇ؟ ئۆزۈمنىڭكىنى دەمدىمەن ـ شېرىكلىرىمنىڭكىنىمۇ؟

سادىر ئاكا
ئەزىمەت : ھەممىنى دە، ھەممىنى!

تۆراق: دەي، ھەممىنى دەي، ھەممىنى...

(چىراغ ئۆچىدۇ. پەردە چۈشىدۇ).

## ئالتىنچى كۆرۈنۈش

ۋاقتى: 1991ـيىل 1ـئىيۇل، كۈندۈز.

سەھنە: ئوچۇق سوت زالى. سوت يىغىنىنى رىياسەتچىسى سادىر ئاكا، باش سوتچى پەرىزات، قارىلىغۇچى ماھىرە، جاۋابكار ئادىل قاتارلىقلار ئۆز ئورۇنلىرىدا. سوت ئىشتىراكچىلىرى ـ شۇ كۈنكى تاماشىبىنلار.

ئادىل: ئېيتىڭلار، بۈگۈن قانداق كۈن؟ بۈگۈن ـ مەن سۆيگەن، چەكسىز ئېتىقاد قىلغان ۋە بارلىقىمنى بېغىشلىۋەتكەن ئۇلۇغ پارتىيىمىز قۇرۇلغانلىقىغا 70 يىل تولغان شانلىق خاتىرە كۈن! سىلەر دەل مۇشۇ كۈندە ئۇنىڭ پاك، ساغلام، مۇنەۋۋەر بىر ئەزاسىغا پىلانلىق، مەقسەتلىك، غەرەزلىك ھالدا زىيانكەشلىك قىلىۋاتىسىلەر!

سادىر ئاكا: چۆپلىمە! «پاك، ساغلام، مۇنەۋۋەر» دېگەنگە ئوخشاش سۈپەتلەر ھېچقاچان ساڭا ئوخشاش مەخلۇقلارغا مۇناسىپ ئەمەس!... جاۋابكار ئادىل ئابابەكرى، بىزنىڭ بۇ ھەيۋەتلىك ئوچۇق سوت يىغىنىنى دەل بۈگۈنكى كۈنگە ئورۇنلاشتۇرغانلىقىمىزنىڭ سىياسىي ئەھمىيىتىنى چۈشەنمىدىڭمۇ تېخىچە؟ مۇشۇ دېلو بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان زۇلھايات ئىسىملىك قىزنىڭ بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈ خوشلاشقان كۈنى ـ 1 ـ ئىيۇل، سىڭلىسى گۈلئازاتنىڭ ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولغان كۈنىمۇ دەل 1 ـ ئىيۇل. شۇنداقمۇ؟ سېنىڭ «جاپادىنمۇ، ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايدىغان مۇنەۋۋەر پىداكار ياش» دەپ نام ئالغان كۈنۈڭمۇ دەل 1ـئىيۇل، ئۇنداق ئەمەسمۇـيا؟

ئادىل: سىلەر پاكىتنى ئاساس، قانۇننى ئۆلچەم قىلماي، تۆھمەتنى ئاساس، شەخسىي غەرەزنى ئۆلچەم قىلىۋاتىسىلەر! ھەتتا ھەربىي سېمكىنى ئۆزۈڭ ئوغرىلىغان دەپ بۆھتان قىلىۋاتىسىلەر. ئوغرىلىق قىلغان كىشى تاپشۇرۇپ بېرەمدۇ؟ تاپشۇرۇپ بەرگەن كىشى ئوغرىلىق قىلالامدۇ؟ مۇنداقمۇ بىمەنە، كۈلكىلىك گەپ بولامدۇ دۇنيادا؟!

سادىر ئاكا: گۇۋاھچى!

تۇراق، مەخەت: (سىرتتىن) بار! (ئىككى ساقچىنىڭ ھەمراھلىقىدا كىردى. ساقچىلار سەھنىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تىك تۇردى. ئادىل بىر چۆچۈپ كېتىپ، دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.)

سادىر ئاكا: گۇۋاھچى، يىغىن ئىشتىراكچىلىرىغا ئۆزۈڭنى تونۇشتۇر!

تۇراق، مەخەت: بولىدۇ - بولىدۇ.

تۇراق: ئىسمىم تۇراق، لەقىمىم چەپچى، چاپ قول بىلەن قىسىپ تارتىشقا چېۋەرلىكىمدىن مۇشۇنداق ئۇنۋان ئالغان. شىنجېن ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونىدا سىياسىي قانۇن تورىغا چۈشكەندىن بۇيان ئۇنداق ئىشنى قىلمىدۇق.

مەخەت: ئىسمىم مەخەت، لەقىمىم دابىزا. بىرىنچىدىن، بۇرنى يوغان كۆلى كەپتەردەك ئۇچار قاناتمەن. قەشقەردە ناشتا قىلسام، چۈشلۈك تامىقىمنى شىنياڭدا، كەچلىك تامىقىمنى شاڭخەيدە يېيىشكە ئۈلگۈرىمەن. ئىككىنچىدىن، كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، ھەقىقەتەن بۇرنۇم يوغان. جىڭ گەپنى قىلساق، قانات - قۇيرۇقىغا بىر تال يىپ تەگمىگەن ئۇچار قانات دابىزا ئىدۇق. ئاۋۇ ئادەمنىڭ باسمىقىغا قانداق چۈشۈپ قالغانلىقىمىزنى بىلمەيلا قالدۇق - دە.

سادىر ئاكا: ئاساسىي مەسىلىگە كۆچ!

مەخەت: بولىدۇ. مەن - مەخەت دابىزا.

تۇراق: مەن - تۇراق چەپچى.

مەخەت، تۇراق: ئۇ - ئادىل ئابابەكرى

مەخەت: ئۈچىمىز ئەسلىدە بىر چۆنەكنىڭ بېلىقى، بىر بېلىقنىڭ خەمىكى ئىدۇق.

تۇراق: 1969 - يىل 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى - «16 - ماي ئۇقتۇرۇشى» ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ ئۈچ يىللىق خاتىرە كۈنى. بىزدەكلەرنىڭ بېشىغا ئاپەت قوشىنى قوندۇرغان ئۇلۇغ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ھۇجۇم سىگنالى چېلىنغان بۇ كۈننى بىز ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزمەكچى بولدۇق. بىر ھەربىي داشىنىنى نىشانغا ئالدۇق.

مەخەت: بىر تال يىڭنە، بىر تال سىم بىلەن ھەر قانداق قۇلۇپنى بىمالال ئاچالايدىغان بۇ شېرىكىمىز ئادىل ئابابەكرىگە دىدۇق:

تۇراق، مەخەت: بىز سېنى قوغدايمىز، قۇلۇپنى ئاچ!

تۇراق: قۇلۇپنى ئاچقان، سومكىنى ئوغرىلىغان باش جىنايەتچى ئەنە شۇ جاۋابكار - ئادىل ئابابەكرى!

مەخەت: (قوشۇلۇپ) ئادىل ئابابەكرى!

تۇراق: سانىساق، نەق پۇل 17 مىڭ يۈەن....

مەخەت: مەن - ھەممىنىڭ چوڭى، ھەممىنىڭ دوستى ئىدىم. بۇ غەلىبىنىڭ يېتەكچىسى ئىدىم. 15 مىڭ يۈەننى مەن ئالىمەن دېدىم.

تۇراق: ئون مىڭنى سەن ئال، بەش مىڭنى مەن ئالاي، ئىككى مىڭنى ئۇ ئالسۇن دېدىم.

مەخەت: بوپتۇ. بەشنى سەن ئال، 12 نى مەن ئالاي دېسەم بۆكىنى ئاسمانغا ئاتماقتا يوق تېخى، «ئادىلغىمۇ كىچىككىنە بىر نېمە بەرمىسەك بولماس، ھېچبولمىسا ئون كوي تاشلا، تاشلا دەيمەن!» دەپ يوغانچىلىق قىلىۋاتمامدۇ! ئۇ ئۆگىنىۋالغىنىغا خوش

بولسۇن، مەن پۇلنى پارچىلىمايمەن، بەرگۈڭ كەلسە، ئۆزۈڭ بەر دېسەم....

تۇراق: 12 مىڭنى «غىپپىدا» چۆنتەككە سالغان كىشى بەرمەي، مەن بېرەمدىمەن تېخى! بەر، ئون كوي بەر، تاشلا!

مەخەت: مانا ئون كوي دېگەن! (قولاق تۈۋىگە ئۇرۇش ھەرىكىتى)

تۇراق: مانا ئۇرغان دېگەن! (پەشۋا، كاللا قويۇش ھەرىكەتلىرى)

مەخەت: بىر خارابىلىق ئىچىدە ئۇرۇشۇپتۇق، ئۇرۇشۇپتۇق.... بىر چاغداقارىسام، بۇ ياتىدۇ ئاغزى-بۇرنى غەرق قان.

تۇراق: بۇ ياتىدۇ ھالى يوق، نىمجان.

مەخەت: شۇنداق قارىسام (قويىنىغا ئىتتىك قول سېلىپ) پۇل يوق!

تۇراق: پۇل يوق!

مەخەت: (بىللە) سومكا يوق، ئادىل يوق!

تۇراق: بىز چىققان دۆڭ، بىز چۈشمىگەن ئوي قالمىدى.

مەخەت: بىز كىرمىگەن توقاي، ساراي، ئۆي قالمىدى.

تۇراق: بىر كۈنى قارىساق، پۈتۈن گۆڭشې بويىچە ئالاھىدە چوڭ يىغىن ئېچىلىۋاتامدۇ! (يىغىنباشقۇرغۇچى ئاھاڭدا) «پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ شىددەتلىك بوران-چاپقۇنلىرى ئىچىدە بېشىدا مۈڭگۈزى، ئاغزىدا خەنجىرى، بەدىنىدە نەشتىرى بار بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئىنقىلابىي ياش ئەۋلادلار مەيدانغا چىقماقتا. تەۋەيىمىزدىكى تۇغما كەمبەغەل دېھقان پەرزەنتى ئادىل ئابابەكرى ئاشۇلارنىڭ بىرىدۇر. 17 مىڭ يۈەن نەق پۇل ۋە ئىنتايىن مۇھىم ھەربىي ھۆججەت-ماتېرىياللار سېلىنغان سومكىنى يولدىن تېپىۋېلىپ، قىلچىمۇ شەخسىي مەنپەئەتىنى كۆزلىمەستىن ۋە ھېچقانداق ئىككىلەنمەستىن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن بۇ ئىنقىلابىي ياش ئەزىمەتكە ھەربىي رايون رەھبەرلىكى ئالاھىدە مىننەتدارلىق بىلدۈرمەكچى، مەڭگۈ ئۆچمەس شان-شەرەپلىك نام بەرمەكچى، 500 يۈەن نەق پۇل بىلەن مۇكاپاتلىماقچى!...

مەخەت: بىر كۈنى يېرىم كېچىدە باسمىلاپ تۇتۇۋېلىپ، خوش، ئالتۇن-گۆھەرگە كۆز قىرىنى سالمايدىغان مۇنەۋۋەر ئىنقىلابىي يولداش، ئالتۇن تاج، ئالتۇن گۇۋاھنامە، گۆھەر كىتابلار ئۆزۈڭگە قالسۇن، پۇلنى چىقار دېسەك، ھۆتۈت-پۆتۈتدەۋاتامدۇ! تۇراق ھارسا مەن دەسسەيتمەن، مەن چارچىسام تۇراق. ئېيتىپ باقىنا، ئادىل، نەچچە كۈنلەرگىچە پۈتۈگىنى سۆرەپ يۈرگىنىڭ راستمۇ-يالغان؟

ئادىل: سۇ... مەن بولالمىدىم، سۇ....

سادىر ئاكا: بېرىڭلار.

(بىر ساقچى بىر ئىستاكان سۇ بېرىدۇ.)

سادىر: جاۋابكار ئادىل ئابابەكرى، ئۇلارنىڭ دېگىنى راستمۇ-يالغان؟

ئادىل: (جانسىزلىنىپ) راست.

پەرىزات: 17 مىڭ يۈەن شۇ يىللاردا ئوتتۇرا دەرىجىلىك 500 ئىشچىنىڭ بىر ئايلىق مائاشىغا ياكى بىر ئىشچىنىڭ 41 يېرىم يىللىق مائاشىغا تەڭ ئىدى. يىچاقايارىغىدەك كالىدىن 350نى ياكى قوزىروقلىرى لىغىرلاپ تۇرىدىغان پاقلاندىن مىڭنى سېتىۋالغىلى بولاتتى. مۇنچە پۇلنىڭ بىراقلا قولدىن چىقىپ كېتىشى تۇراق چەپچى بىلەن مەخەت دابىزىنى كېچە-كۈندۈز بىئارام قىلاتتى. شۇنداقمۇ؟

تۇراق / مەخەت: راست، چايناپ يۇركېۋەتسەكمۇ ئاچچىقىمىز چىقمايتتى!

پەرىزات: قايتىڭلار.

تۇراق / مەخەت: بولىدۇ. (ساقچىلارنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ چىقىپ كېتىدۇ).

پەرىزات: جاۋابكار، سەن بۇ يۇرتتا تۇرۇۋېرىشنىڭ ئىنتايىن خەۋپلىك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىڭ. ئامال ئىزدەشكە كىرىشىپ كەتتىڭ. شۇنداقمۇ؟

ئادىل: شۇنداق، ئۇ ئىككىسى مېنى تىنىچ قويمايتتى، ئارام بەرمەيتتى.

پەرىزات: بىلگۈمەن بالىلىرى ھەر كۈنى دەريا بويىغا بېرىپ چۆمۈلەتتى، بېلىق، سازاڭ، موزايبېشى تۇتاتتى. سەن ئۇلاردىن بىر-ئىككىسىنىڭ قايناملارغا كىرىپ كېتىشىنى، ئۆلەر ھالەتتە قېلىشىنى، قۇتقۇزۇۋالغان ئاتاقا ئېرىشىپ، مەقسەت-مۇددىئاغا يېتىۋېلىشنى قانچىلىك ئارزۇ قىلاتتىڭ-ھە؟

ئادىل: ياق، ياق، ئۇنداق قىلىش چۈشۈمگىمۇ كىرىپ باقمىغان.

پەرىزات: دان چاچمىسا كەپتەر باسماققا چۈشمەيدۇ. يەمچۈك بولمىسا بېلىق قارماققا ئىلىنمايدۇ. ئاخىرى ئامال تاپتىڭ. بىر توپ رەڭلىك شار سېتىۋالدىڭ. لاي-لاتقىلىق كەلكۈن كەلگەن كۈنى بۇ شارلارنى دەريا بويىدىكى بونجالىق ئىچىدە پۈۋلەپ كۆپتۈردۈڭ. گۈلدۈرمىنىڭ ياغاچ قوزۇقلىرىنىڭ بىرىگە مەھكەم چېگىپ قويدۇڭ. سەن يەنىلا بونجالىق ئىچىگە يوشۇرۇندۇڭ. بىر توپ بالىلارنىڭ «جومىگىنا!» دېگەن ئەنسىز ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەن تەڭ ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتىڭ. ئۈچ ئوغۇل بالا لاي-لاتقىلىق قاينامدا جان تالاشماقتا. سەن بولساڭ، ھەربىي رايون رەھبەرلىكى تەقدىم قىلغان كىتابنى ئېچىۋېلىپ، «شىيادىڭ جۆشىن، بۇفاشىشىڭ، فەيچۇ ۋەننەن، جىڭ چۈي شىڭلى!» دەپ ۋارقىرىماقتىسەن. قىرغاقتىكى بالىلار ئالدىرىماقتا، تەقەززا بولماقتا. سەن ئاخىرى: «يى بۇفاكۇ، ئەربۇ فاسى - يىبۇفاكۇ، ئەربۇفاسى، چەنجىڭ!» دەپ ۋارقىرىغىنىڭچە گۈلدۈرمىگە ئۆزۈڭنى ئاتتىڭ. مۇرادىڭ ھەل بولدى. يەنە بىر يالتىراق تاجغا، يەنە بىر مۈڭگۈزگە ئىگە بولدۇڭ. گاۋ فامىلىلىك بىر بالىنى ئۆمۈرلۈك مېيىپ قىلىپ قويۇش بەدىلىگە بۇ تاج-دۆلەتكە ئېرىشتىڭ، پارتىيىگە شەرتسىز قوبۇل قىلىندىڭ، ئىتتىپاق شۇجىسى، مىنبىڭ لىيەنجاڭ بولدۇڭ. ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھانسىز قوبۇل قىلىنىپ، بېيجىڭغا يۈرۈپ كەتتىڭ. شۇنداقمۇ؟

ئادىل: ......

پەرىزات: جاۋابكار، گەپ قىل! يەنە گۇۋاھچى چاقىرىمىزمۇ-يە؟ دەلىل-ئىسپات ئوتتۇرىغا قويىمىزمۇ-يە؟

ئادىل: (باش چايقايدۇ).

پەرىزات: ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلدىڭ. ئائىلە كېلىپ چىقىشى دېسە ھەممىدىن ساپ، پاك-دىيانەتلىك بابىدا ئۈلگە، مىللىي ئىتتىپاقلىقتا پىداكار، ئارمىيىنى ھىمايە قىلىشتا بايراقدار، ياشلاشتۇرۇش دېسە ھەممىدىن ياش، كەسىپ ئەھلىگە ئايلاندۇرۇش دېسە، پايتەختتىكى داڭلىق ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن چوڭ زىيالىي... رەھبەرنىڭ تېشىغا ئوخشاش قەيەرنى نىشان قىلسا، شۇ يەرگە چۈشۈۋەردىڭ، ئۆسۈۋەردىڭ. دېمىگەن چىرايلىق گېپىڭ، ئىشلەتمىگەن ھىيلە - مىكرىڭ، قىلمىغان ۋەھشىلىكىڭ قالمىدى. بۈگۈن سېنىڭ بىر جۈپ زەھەرلىك مۈڭگۈزۈڭ كېسىپ تاشلاندى، ھەققىي ئەپتى - بەشىرەڭ تەلتۆكۈس ئېچىپ تاشلاندى. يۇقىرىدىكى يار - يۆلەكچىلىرىڭنىڭ سېنى يۆلەۋالغۇدەك مادارى يوق. تۆۋەندىكى ئاتارمەن - چاپارمەنلىرىڭ ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن ئالدىراش. جاۋابكار، ئەمدى دەپباق، 1978 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۆز قولۇڭ بىلەن يەرلىكىدە قويغان 16 ياشلىق نارەسىدە قىز زۇلھايات يادىڭدىمۇ؟

ئادىل: يادىمدا.

پەرىزات: ئاشۇ قىزغا ۋەھشىيلەرچە باسقۇنچىلىق قىلغان كىم؟ ئۇنى بۇ دۇنيادىن بىمەھەل ۋىدالىشىشقا مەجبۇر قىلغان زادى كىم؟!

ئادىل: بىلمەيمەن.

پەرىزات: كېچىسى ئادەم ئۆلتۈرۈپ، كۈندۈزى ھازا تۇتىدىغان ئەي مەلئۇن، ئاڭلاپ

تۇرا زۇلمايىتقا سەن ئاشۇ بۇنچانلىقتا شىر كەيىپ هالدا باسقۇنچىلىق قىلدىڭ. شۇ چاغدىلا ئۇخلاپ قالدىڭ. گۈلدۈرماما - چاقماقلار سېنى ئويغاتتى. سەن زۇلمايىتنى يەنە ئىزدىدىڭ، بىر يېرىم - ئىككى يېرىم ئۆيىگە كەلدىڭ. سىڭلىسى - 13 ياشلىق گۈلئازاتنى كۆردۈڭ.

ئادىل: يالغان، پۈتۈنلەي يالغان!

پەرىزات: پۈتۈنلەي راست، شەك - شۈبھىسىز راست! سېنىڭ ئۇ قىزغا چېقىلماقچى بولغىنىڭ راست، بىر بوتۇلكا هاراقنى ئۇنىڭغا مەجبۇرىي تۇتقۇزۇپ، ئىچىشكە زورلىغىنىڭ راست. ئۆزۈڭنىڭ بوتۇلكىسى بىلەن پېشانەڭگە يەپ، هوشسىزلىنىپ ياتقىنىڭ راست. پېشانەڭدىكى كىچىككىنە تاتۇق بۇنىڭغا گۇۋاھ!

ئادىل: بۇ باشقا گەپ.

پەرىزات: يۇقىرىقىلارغا ئىقرار ئەمەسمۇ سەن؟

ئادىل: ئىقرار ئەمەس. ئۇ - ئەپلەشمىگەن بىر بەدنىيەتنىڭ توقۇلما، قاملاشمىغان رىۋايەت!

پەرىزات: توقۇلما - رىۋايەت ئىكەنلىكى قەيەردە؟

ئادىل: زۇلمايىت ئۆلگەن، گۈلئازات غايىب بولغان. كىشىلەر ئۇنى دەريا - كۆللەردىن ئىزدىگەن، باغ - چۆللەردىن ئىزدىگەن. ئاخىرى پەرىشتە - مالائىكىلەرگە يولۇقۇپ قالغان ئوخشايدۇ دېيىشكەن.

پەرىزات: راست، ئۇ، پەرىشتە - مالائىكىلەرگە يولۇققان. قوش كوزۇپلۇق يۈك ماشىنىسىغا پەۋەس قوم بېسىپ، ئاشۇ يارلىق يولدىن ئۆتكەن بىر جاپاكەش شوپۇرغا يولۇققان. گۈلئازات ئۆزىنى يۇمشاق قوم ئۈستىدە بىهوش هالدا ئۇچراتقان ئاشۇ كىشىنىڭ چەكسىز مېھرى - مۇھەببىتى، ئاتىلارچە غەمخورلۇقى نەتىجىسىدە ئوقۇپ، ئىقتىدارلىق ياش سىياسىي قانۇن خادىمى بولۇپ يېتىشكەن. «تۆت زىندانداش» تەرىپىدىن «گېزەندە» قىلىپ قويۇلۇپ، نامى شۇ چاغقىچە ئەسلىگە كەلتۈرۈلمەي، قارا ماشىنا هەيدەپ يۈرگەن ئەنە شۇ مالائىكە سۈپەت كىشى بۈگۈنكى هەيۋەتلىك ئوچۇق سوت يىغىنىمىزغا رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان بۈيۈك هۆرمەت ۋە شان - شەرەپ ئىگىسى سادىر ئاكىنىڭ دەل ئۆزى ئىدى!

سادىر ئاكا: (ئوتتۇرىغا چىقىپ سالام بېرىدۇ.)

پەرىزات: جاۋابكار ئادىل ئابابەكرى، كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ قاراپباق: ئالدىڭدا تۇرغان كىم!؟

ئادىل: ئا!... (يىقىلىدۇ، خەلق ساقچىلىرى سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ.)

مۆمىن ئاكا: (يىغىن ئىشتىراكچىلىرى - تاماشىبىنلار ئارىسىدىن) گۈلئازات، جېنىم قىزىم گۈلئازات! (سەهنىگە قاراپ ئېتىلىدۇ.)

پەرىزات: دادا! (تەلپۈنىدۇ.)

سادىر ئاكا: قىزىم! (يۆلەيدۇ.)

مۆمىن ئاكا: قىزىم - پەرىزات قىزىم!


پەرىزات: دادا! سادىر ئاتا! (هەر ئىككىيلەننى تەڭ قۇچاقلايدۇ.)

[گۈلدەستە كۆتۈرگەن بىر توپ قىزلار ئۇلارنى چۆرىدەپ «گۈلئازات - پەرىزات!» دەپ تەنتەنە قىلىدۇ. ئۈچ كىشى گۈلدەستىلەر قوينىغا چۆمۈلىدۇ.]

1991 - يىل فېۋرال، قەشقەر «قۇتلۇق» مېھمانخانىسىدا يېزىلدى.



# هايات كۈيى



(ھېكايە)

ئەخمەت مۇساق

## 1

ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسى ئويۇشتۇرغان «مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى»نىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى تەركىبىدە «پ» ناھىيەسىگە قاراپ يولغا چىققاندىن بېرى، ئالىي مەكتەپ ھاياتىمدىكى قايناق كۈنلەر، قەلبىمدە تۇنجى قېتىم ئويغانغان، ئەمما ئېتىبارسىز قالغان مۇھەببىتىم، شوخ، ھېسسىياتچان ساۋاقداشلىرىم... كاللامغا كىرىۋالدى. دانالار ئېيتىدۇركى: «ۋاقىت ـ ئەڭ ياخشى ئىمكەك، ئۇنتۇش دورىسىدۇر». بۇ سۆزنى قايسىبىر كىتابتىن كۆرگۈنۈم ئېسىمدە! قۇرۇپ كەتسۇن بۇ «ئىمكەك»! ھازىر تېخى ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەش بىلەنلا ياشايدىغان يىللارغا قەدەم قويمىغان بولساممۇ، لېكىن «پ» ناھىيىسىگە قىلغان سەپىرىم مېنى يەنىلا ئون يىل ئىلگىرىكى ھايات خاتىرىلىرىمنى قايتىدىن ۋاراقلاشقا مەجبۇر قىلدى. چۈنكى، ئۇ يەردە مېنى يوشۇرۇن كۆيۈش ئازابىدا كېچە ـ كۈندۈز قىيىنىغان ئاشۇ زىلۋا بەدەن، سۇمبۇل چاچلىرى كۆيگەن يىگىتلەرنىڭ بوينىغا سىرتماق بولۇپ چۈشىدىغان،

جادۇ كۆزلىرى قاراپ سالغان كىشىنىڭ جېنىنى ئېلىپ جاڭگالدا قويىدىغان ئاشۇ قىزچاق، ئادەتتە ئانچە بەك كۆزگە چېلىقمايدىغان، لېكىن مۇھەببەت سەھنىسىدە مەندىن غالىب كەلگەن رەقىبىم قادىرنىڭ باغرىدا ياشاۋاتقان دىلدار بار ئىدى.

كەچلىك تاماقتىن كېيىنلا ھەمراھلىرىم كوچا ئايلانغىلى چىقىپ كېتىشتى. لېكىن مېنىڭ كۆڭلۈم ھېچنېمىنى تارتمىدى. ئاخىرى تاماقخانىدا ئولتۇرۇپ ئىككى رومكا ئىچىۋېلىپلا ياتاققا قايتىپ بېشىمنى يۆركەپ ئۇخلىماقچى بولدۇم. لېكىن ئۆتكەن بەزى ئىشلارنى ئەسكە ئېلىشنى قانچە خالىمىغانسېرى، شۇ ئىشلار كاللامغا شۇنچە تېز كىرىۋالىدىكەن. ھەي، يەنىلا شۇ كۈنلەر. ئۇنتۇلماس ئالىي مەكتەپ ھاياتى. يەنە... يەنە ھېلىقى «زېھىن سىناش مۇسابىقىسى»...

2

مېنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم — ئالىي مەكتەپلەردە ئىدىيە — نەزەرىيە ساھەسى ئىنتايىن جانلىنىپ كەتكەن يىللار ئىدى. كەلگۈسى ئىسلاھاتنىڭ ئاساسىي كۈچى دەپ قارىلىدىغان بىزدەك «يېڭى زىيالىيلار» ئارىسىدا تارىخىي، رېئاللىق مەسىلىلەر، تۈرلۈك ئېقىملار، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ تۈزۈم، سىياسەت، دۆلەت ئەھۋالى قاتارلىق جەھەتلەردىكى پەرقلىرى توغرىسىدا ھەدەپ بەس - مۇنازىرىلەر قوزغىلاتتى.

مەن ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشۋىقات ھەيئىتى بولغانلىقىم ئۈچۈن «ئىسلاھات ۋە بىز» دېگەن تېمىدا زېھىن سىناش، نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشنى تەشەببۇس قىلدىم. مېنىڭ تەكلىپىم تېزلا فاكۇلتېت ۋە مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. خەۋەر تارقىلىش بىلەنلا رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى، گېزىتخانىلار مۇخبىر ئەۋەتمەيدىغان بولۇشتى. ھەتتا ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىمۇ قاتناشماقچى بولۇپتۇ. مۇنداقلا قويۇلغان بىر تەكلىپ چىقىپ، داغدۇغىسى زورىيىپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭغا جىددىي، ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، ئالاھىدە تەييارلىق كۆرۈشكە توغرا كەلدى. مەكتەپ، ھەتتا جەمئىيەت بىزگە ياردەم قولىنى سۇنغانلىقتىن تەييارلىقلىرىمىز خېلى ئوڭۇشلۇق بولدى. لېكىن رىياسەتچى تاللاشتا بېشىمىز قاتتى. خېلى جىق ساۋاقداشلار ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلغان، ئۆزئارا كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما مۇۋاپىقراق بىرسىنى تېپىش تەس بولۇۋاتاتتى. تېلېۋىزورغا ئالىدىغان، رەھبەرلەر قاتنىشىدىغان ئىش بولغاچقا، رىياسەتچىنى ئالاھىدە تاللىماسلىق بولمايتتى. ئاخىرى سىرتتىن بىرەر رىياسەتچى تەكلىپ قىلىش قارارىغا كەلدۇق.

— سىلەر دىلدارنى ئويلىشىپ كۆرمىدىڭلارمۇ؟ — دېدى ئوقۇتقۇچىمىز، — ئۇنىڭ ئاۋازى ياخشى، پىگورىسىمۇ سەھنىگە يارىشىدۇ.

— دىلدار؟ تانسىخانىلاردا ناخشا ئېيتىپ، كىيىم مودېلى بولۇپ يۈرگەن دىلدارنى دېمەيدىغانلا؟ — مېنىڭ قوشۇمام تۈرۈلدى.

— دەل ئۆزى! — مۇئەللىمىنىڭمۇ قاپىقى تۈرۈلدى، — تانسىخانىدا ناخشا ئېيتسا نېمە بولىدىكەن؟ كىيىم مودېلى بولۇش قايسى قانۇنغا خىلاپكەن؟ ھازىرچۇ، 80 - يىللار، ئۇكام.

— ئۇ پۇل تېپىش ئۈچۈنلا ئاشۇنداق قىلىۋاتسا، — دېدى بىر قىز ساۋاقداش نارازى بولۇپ.

— ئۇنداق دېمەڭ. ناخشا ئېيتىپ، مودېل بولۇپ، ئاز - تولا ھەق ئالسا نېمە بولىدىكەن؟ ھازىر خېلى داڭلىق ئارتىسلارمۇ ناخشا ئېيتىپ، مودېل بولۇپ ھەق ئېلىۋاتامدۇ؟

— ئوغرىلىق قىلغاندىن، ئەپپەتنى ساتقاندىن ياخشىراق.

— بۇ...

ئاخىرى بۇ قارار زورمۇزور ماقۇللاندى. مەن دىلدارنى چاقىرىپ، بۇ قارارنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇرماقچى بولدۇم. ئۇ مەن بىلەن پاراللېل سىنىپتا بولۇپ، ئادەتتە ئانچە بەك ئارىلاشمايتتۇق. پەقەت ئۇنىڭ قايسىبىر ناھىيىدىكى يېتىم بالىلار مەكتىپىدە چوڭ بولغانلىقىنىلا بىلەتتىم. ئالىي مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن، تۇرمۇش خىراجىتىنى يەنىلا مەكتەپ ئۈستىگە ئالغان بولسىمۇ، ئەمما يۇرتىدىن پۇل ئەۋەتىدىغان ئادەم بولمىغاچقا قىينىلىپ يۈرەتتى. شۇڭا، پۇلنى سۇدەك خەجلەيدىغان بەزى قىزلار ئۇنى پەقەت كۆزىگە ئىلمايتتى. بەزى ئوغۇللار بولسا، ئۇنىڭ پېيىدە يۈرەتتى. شۇنداق كۈنلەردە، ئۇنىڭ قايسىبىر مىللىي كىيىم - كېچەك فابرىكىسىدا كىيىم مودېلى بولۇپ ھەق ئالغانلىقى مەكتەپتە جىق غۇلغۇلىلارنى قوزغىۋەتتى. ئۇنى ئاز دەپ، يەنە تانسىخانىدا ناخشا ئېيتىپ پۇل تاپىدىكەن، دېگەن گەپلەر كۆپىيىپ كەتتى. مەن پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ھەيئىتى بولغاچقا، ئۇنى تېپىپ سۆزلەشمەكچى بولدۇم.

بىر شەنبە كۈنى كەچتە ئۇنىڭ سومكىسىنى ئېسىپ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يىراقتىن ئەگىشىپ ماڭدىم. ئۇ مەكتىپىمىزدىن بىر كوچا نېرىدىكى بىر تانسىخانىغا كىرىپ كەتتى. ئارقىسىدىن كىرسەم دىلدار كۆرۈنمەيدۇ، بىراق، زالنىڭ بىر بۇرجىكىدە بىزنىڭ سىنىپتىكى قادىر دېگەن بىرەيلەن ئېگىزكىنى يۆلەپ ئولتۇرۇپتۇ. مەنمۇ ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردۇم.

— پاھ، ئادىلمۇ سەن، قانداق شامال سېنى ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ — قادىر مېنى ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلدى.

— ناخشا ئاۋازىچۇ؟ — مەن كۈلدۈم، — سەن مەندىنمۇ بۇرۇنمۇ؟

— ياقەي، بىردىن ئىستاكان گازلىق سۇ ئىچكەچ، تانسا ئوينىماسامۇ كۆرەي دەپ...

بىردىنلا دىلدارنىڭ يېقىملىق ناخشىسى گېپىمىزنى ئۈزۈپ قويدى. ئۇ لەۋلىرىگە سال - پال ئىردىم تېپتۇ. يېڭى مودىدىكى كاك كۆڭلىكى ئۇنى تېخىمۇ جەزىبىلىك قىلىۋېتىپتۇ. ئۇ قولىدا سىمسىز مىكروفوننى تۇتۇپ ناخشا ئېيتقىنىچە قېشىمىزغا كېلىپ، بىزگە ئالاھىدە كۈلۈپ قويۇۋېدى، تانسا ئويناۋاتقانلار بىزگە تىكىلىپ، بەزىلىرى لېۋىنى تامشىپ قويدى. قارىسام، قادىر بېشىنى كۆتۈرمەي ئولتۇرۇپتۇ. مېنىڭ بولسا، يۈزلىرىم قولقىمغىچە قىزىرىپ، يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇم.

— جۈر، قادىر، كېتەيلى، — دېدىم مەن.

— مەن... مەن... بىر دەم...، — قادىر بېشىنى كۆتۈرمىدى. مەن دەرھال چىقىپ كەتتىم.

شۇنىڭدىن بېرى، ئۇنى كۆرمىسەم، كۆرگۈم كېلىدىغان، ئۇدۇلىغا كېلىپ قالغاندا بولسا، خۇددى گۇناھكاردەك يىراقتىن ئەگىپ كېتىدىغان بولۇپ قالغان ئىدىم.

— بولىدۇ، ئاۋۋال ئاز - تولا رېپېتىتسىيە قىلىۋالاي، يەنە بىر قۇر كىيىم تىكتۈرۈشۈم كېرەك، — دېدى ئۇ گېپىمنى ئاڭلاپ ئۇزۇن قىلماستىنلا.

— كىيىم تىكتۈرىمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ، ۋاقتى كەلگەندە تاللىساڭىزلا بولىدۇ، لېكىنزە، بىزنى سۇغا چىلىساڭىز بولمايدۇ جۇمۇ. — دېدىم مەن.

3

شەھەرلىك يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ياردەم قىلغان بىر قۇر كىيىم ئۇنىڭغا شۇنداق ياراشتىكى، دىلدار سەھنىگە چىقىشىغىلا، بۇ، زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئەمەس، مودا كىيىم كۆرگەزمىسىدەك ھەممەيلەن چاۋاك چېلىشىپ كەتتى. مەن تەشكىللىگۈچى سۈپىتىدە بىر - ئىككى ئېغىز گەپ قىلماقچى ئىدىم، لېكىن كۆزلىرىم ئالىچەكمەن بولۇپ، تىلىم كالۋالىشىپ، دەيدىغان گېپىمنى تاپالمىغىلى تاس قالدىم.

شۇ كۈنكى پائالىيىتىمىز ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى نەچچە كۈنگىچە كۆرسەتتى ۋە ئاڭلاتتى. گېزىتلەر خەۋەر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئادەتتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئانچە نەزەرىگە چۈشمەيدىغان بۇ قىزغا ھەممىنىڭ بىراقلا كۆزى چۈشۈپ، ئوغۇللارنىڭ تالىشىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالدى. ئاڭلىسام، بەزىلەر تېخى دىلدارنى قولغا كەلتۈرۈش توغرىسىدا ئۆزئارا قەسەم ئىچىشىپ، دو تىككەنمىش. ئەمدى مېنىڭمۇ ئىچىمدە يوشۇرۇن تۇتەۋاتقان ئىشىق ئوتى بىردىنلا يانغىنىغا ئايلىنىپ، يۈرىكىمنى ئۆرتەشكە باشلىدى. بىر قانچە ھەپتە تەستە چىداپ باقتىم. ئاخىرى بولماي، بىر كۈنى دىلدارنى ئۇيۇشما ئىشخانىسىغا چاقىردىم.

— باشلىق، گېپىڭىز بولسا تېزراق دەۋېتەرسىز. يەنە ناخشا ئېيتىشقا بارمىسام بولمايدۇ، — دېدى ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا.

— دىلدار، سىز . . . ئاشۇ يەرگە بارمىسىڭىز بولمامدۇ؟

— بولمايدۇ. مەن تانسىخانا بىلەن دوگوۋور تۈزگەن. يەنە بىر ئايلىق ۋاقتىم بار.

— ئۆگىنىشىڭىزگە تەسىر يېتىپ قالامدىكىن؟ يەنە كېلىپ بۇ يىل ئوقۇش پۈتتۈرىمىز . . .

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇ يەرگە ھەر كۈنى ئىككى سائەتلا بارىمەن. ئىمتىھاندا سىزدىن كەم نومۇر ئالماسلىققا تىلخەت بېرەيمۇ؟!

— ھەي، دىلدار . . . سىزگە يەنە بىر گەپنى دېسەم بولامدۇ؟

— مەرھەمەت، باشقارما دەرىجىلىك باشلىقنىڭ گېپىنى ئاڭلىماسلىققا ھەددىممۇ؟

— دىلدار، زاڭلىق قىلماڭ! — فاكۇلتېت پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بىر قېتىملىق يىغىنىدا فاكۇلتېتىمىزنىڭ باشقارما دەرىجىلىك ئورۇن ئىگەللىگىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغاندىن بېرى، ساۋاقداشلار بىزگە «باشقارما دەرىجىلىك ھەيئەت» دەپ چاقچاق قىلىشقا ئادەتلىنىپ قالغان ئىدى، — دىلدار، مەن . . . نېمە دېسەم بولار؟

— ماڭا كۆيۈپ قالمىغانسىز؟ — دىلدار كۈلۈپ كەتتى، — ئەگەر خىزمەت گېپى بولسا مەيلى، لېكىنزە، ھوقۇقىڭىزدىن پايدىلىنىپ، مېنى ئىشخانىغا ئەكىرىپ مۇھەببەت ئىزھار قىلسىڭىز، ئارقا ئىشىكتىن ماڭدى، دەپ ئەرز قىلىمەن جۇمۇ!

— دىلدار، نېمە دېسىڭىز مەيلى، مەن . . . سىزنى ياخشى كۆرىمەن.

— كەچۈرۈڭ، بەك كېيىن قاپسىز، — مەن خىجىللىقتىن بېشىمنى كۆتۈرەلمىگەنسېرى، دىلدار ئاۋازىنىڭ بارىچە كۈلۈپ، ئىشخانىنى بېشىغا كېيىۋاتاتتى.

— نېمە . . . سىز . . .

— ماڭا قاراڭ، مەن سىزگە ئەڭ يېڭى ئۇچۇرلارنى يەتكۈزىمەن، — ئۇ سومكىسىدىن بىر تۇتام خەتنى ئېلىپ ئۈستەلگە قويدى، — ھازىرغا قەدەر ماڭا تەلەپ قويغانلار ئون ئالتىگە يەتتى، ئاغزاكى تەلەپ بەش، خەت ئون بىر پارچە.

— سىز . . . قايسىنى تاللىماقچى؟

— ھېچقايسىسىنى.

— ئەمىسە، مېنىڭ تەلىپىمنى ئويلىنىپ كۆرسىڭىز، كېيىنرەك جاۋاب بەرسىڭىزمۇ مەيلى، — مەن سەل ئۈمىدلەندىم — دە، ئاۋازىمۇ ئانچە تىترىمىدى.

— قارىغاندا، سىزگە «مەسىلەمنى» تولۇق تاپشۇرمىسام بولمىغىدەك، — ئۇ ئاستا يەرگە قارىدى، — مەن ئاللىقاچان قادىر بىلەن پۈتۈشكەن ئىدىم.

— نېمە؟ قادىر . . . نېمىشقا ھېچكىم بىلمىگەندۇ؟

— ھا . . . ھا . . . بىز كىنوغا بىللە بارمىساق، باغچىلاردا يۈرمىسەك . . . كىم بىلمەكچىدى؟

— ھەي . . .

4

قادىر دەل مۇشۇ «پ» ناھىيىسىدىن بارغان ئوقۇغۇچى ئىدى. ئەتىياز ۋە كۈزدە سىنىپىمىزدا باھالاش ئارقىلىق كىيىم - كېچەك تارقىتىلسا، ئاۋۋال ئاشۇ قادىرنى كۆرسىتەتتۇق. ئۇ دائىم مەكتەپتىن تارقىتىپ بېرىلگەن تۆت يانچۇقلۇق كۆك چاپاننى كىيىپ يۈرگەچكە، بەزىلەر ئۇنى «قادىر بەش كاپالەت» دەيتتى. ھازىر ئاشۇ قادىر فاكۇلتېتىمىزنىڭ گۈلىنى چېكىسىگە قىسىۋالغانلىقتىن، ئۇنى كۆرسەم بىر تۇرۇپ ھەۋىسىم قوزغىلاتتى، بىر تۇرۇپ ئىچىمدە رەشىك ئوتلىرى ياناتتى. نېمە ئامال، ھايت- ھۇيت دېگۈچە ئىميۇن ئايلىرى ئاخىرلىشىپ، ئىمتىھاندىن كېيىنلا تەقسىمات باشلىنىپ كەتتى.

مەكتەپتە ھەر قانچە يوشۇرۇن يۈرۈشكەن ئاشىق — مەشۇقلارمۇ ئىمتىھان تۈگەپ، تەقسىمات باشلىنىشى بىلەنلا ئۆزىنى ئاشكارىلايتتى. قادىر بىلەن دىلدارمۇ ئۆز مۇھەببىتىنى ئاشكارىلاپ، باغچىلارغا بىللە بارىدىغان بولدى، سۈرەتكە چۈشتى. كىم دېگەندە ئون ئالتە ئوغۇل قادىرغا رەشىك قىلىشىۋاتقان، بىزدەكلەرنى قويۇپ، ئاشۇ مۆرىسى «بەش كاپالەت»نى تېپىۋالغىنى ئۈچۈن دىلدارنى ئىچىمىزدە مەڭگۈ قاغاپ، مەسخىرە قىلىۋاتقان بولساقمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ پەرۋايى پەلەك، ھەتتا ئىككىسى بىللە «پ» ناھىيىسىگە بېرىشنى تەلەپ قىلىپ ئىلتىماسمۇ يېزىشتى.

تەقسىمات ئېلان قىلىنغان كۈنى يەنە بىر «ئاتوم بومبىسى» پارتىلىدى. قادىرنى ئۆز يۇرتىغا تەقسىم قىلىپتۇ. دىلدارنى بولسا ئۈرۈمچىگە ئېلىپ قاپتۇ. بۇ ئىش جىق غۇلغۇلا قوزغىدى. بىلىم جەھەتتىن دىلداردىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلارمۇ كۆپ ئىدى. يەنە كېلىپ مۇناسىۋەتكە تايىنىپ ئۈرۈمچىدە قېلىشقا يول مېڭىۋاتقانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. لېكىن، بۇ ئامەت يەنىلا دىلدارغا كەلگىنىنى قارىمامدىغان.

— مەن «پ» ناھىيىسىگە بېرىشنى قەتئىي تەلەپ قىلىمەن، — دېدى دىلدار يىغىنىدىلا ئورنىدىن تۇرۇپ.

— ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، — فاكۇلتېت پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئورنىدىن تۇردى، — «خىزمەتنىڭ ئېھتىياجىغا، تەشكىلنىڭ تەقسىماتىغا قەتئىي بويسۇنىمەن» دەپ ۋەدە بېرىشكەن ئىدىڭلار، ئەمدى بەزى ساۋاقداشلار ئۈرۈمچىدە قېلىشقا يول مېڭىپ ئاۋارە، يەنە بەزىلىرىڭلار كېتەلمەي ئاۋارە، بۇ دېگەن تەقسىمات . . .

— توغرا، بىز ئاشۇنداق يازغان، لېكىن تەقسىمات پرىنسىپىدا، ئاۋۋال يىراق، چەت رايونلار دېيىلگەن. تەشكىلدىن مېنىڭ تەقسىماتىمنى ئويلىنىپ كۆرسە.

— بولدى، بۇ خىزمەت ئېھتىياجى. يىغىن تامام.

— مەن ئەرز قىلىمەن! — دىلدار ئورنىدا قېتىپ قالغان قادىرنىڭ بىلىكىدىن تارتقىنىچە تاقىلداپ دەسسەپ، يىغىن مەيدانىدىن چىقىپ كەتتى.

ئەسلى، ئۈرۈمچىدىكى قايسىدۇر بىر ئىدارىنىڭ باشلىقىنىڭ ئوغلى ئەنۋەرمۇ ئاشۇ زېھىن سىناش مۇسابىقىسىدىن كېيىن، دىلدارغا قانات سۆرەپ يۈرەتتى. ھەتتا بىر - ئىككى سورۇندا پو ئېتىپ، دو تىككەن ئىكەن. بۇ قېتىمقى تەقسىمات ئەنۋەرنىڭ ئاشۇ تاجىدار دادىسىنىڭ يول مېڭىپ «ستىراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى» بويىچە بولغانلىقى ماڭا ئايان ئىدى. دىلدار ئاشۇ شاللاق بايۋەچچىنىڭ يۈزىنى قىلمىسىمۇ، ئۈرۈمچىدە قېپقالغاندىن كېيىن، ئەنۋەر بىلەن توي قىلمىسا، كىم مەجبۇرلىيالايتتى؟

دېگەندەك، ئاپتونوم رايوندىكى مائارىپقا مەسئۇل رەھبەرنىڭ بىرلا تەستىقى بىلەن دىلدارنىڭ تەلىپى تەستىقلاندى. ھەر خىل مۇناسىۋەتلەر ئارقىلىق ئۈرۈمچىدە قېپقالغانلارنىڭ تەقسىماتىمۇ قايتىدىن ئېلان قىلىندى. ئەنۋەرمۇ جەنۇبقا تەقسىم قىلىندى. بۇ تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىمۇ؟ ياكى تەقدىرنىڭ چاقچىقىمۇ؟ ھېچقايسىمىز بىلەلمىدۇق. ئاڭلىسام، بۇ ئەنۋەرنىڭ تەلىپى ئىكەن. ما قىزىقچىلىقنى قارىمامسىز؟

ۋىلايەتكە كەلسەك، مېنى ۋىلايەت مەركىزىدىكى بىر ئوتتۇرا مەكتەپكە، قادىر بىلەن دىلدارنى بولسا «پ» ناھىيىسىگە تەقسىم قىلدى. تووۋا، ئەنۋەرمۇ شۇ ناھىيىگە كەتتى. مەن ئەنۋەرنىڭ قىرسىقىدا بىرەر شۇملۇق باردەك سېزەتتىم. شۇڭا قادىرلار مېڭىشتىن ئاۋۋال ئۇلارنى ھېچبولمىغاندا دەسلەپكى تەقسىماتنىڭ سىرىدىن بولسىمۇ خەۋەردار قىلاي دېگەن ئىدىم، ئۇلار مەن بىلەن خوشمۇ دېمەي كېتىپ قالغانلىقتىن، پۇرسەت بولمىدى.

كېيىن مەن قادىر بىلەن دىلدارنىڭ تەكلىماكاننىڭ ئىچىگە جايلاشقان «قۇمباستى» دېگەن كەنتتە يېڭىدىن سېلىنغان ئوتتۇرا مەكتەپكە تەقسىم قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئۇلار ناھايىتى بەختلىك بولسا كېرەك. ماڭا خەتمۇ يازمىدى. دېمىسىمۇ، مەكتەپتە قادىر بىلەن ئادەتتىكىدەك ئۆتكەچكە، خەت يېزىشىپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. دىلدارغا خەت يېزىشقا تېخىمۇ بىئاپ ئىدى. بۇ ئىشلار بارا - بارا ئۇنتۇلۇپ كەتتى. نەچچە يىلدىن بۇيان بىر قانچە ئىلمىي جەمئىيەتكە ئەزا بولدۇم. گېزىت-ژۇرناللاردا ئۇنى-بۇنى ئېلان قىلىپ يۈردۈم. ئۆتكەن يىل ئۆزۈم ئىشلەۋاتقان مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولدۇم. قادىرلار بولسا، خۇددى قۇملۇققا سىڭىپ كەتكەندەك، ھېچبىر خەۋەر ئاڭلىمىدىم.

## 5

— سىلەرنىڭ «قۇمباستى»دەيدىغان ئوتتۇرا مەكتىپىڭلار بارمۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن ئەتىسى بىزگە ئەھۋال چۈشەندۈرۈۋاتقان مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقىدىن.

— بار. ئۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ مائاشىدىن باشقا، ھەممە چىقىملارنى كەنت ئۈستىگە ئالغان، — دېدى ئىدارە باشلىقى ماختىنىپ، — لېكىنزە، ئۇ يەردىن ھەر يىلى ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكۇمغا بارىدىغانلار چىقىپ تۇرىدۇ.

— ۋاھ، ئۇنداقتا ياخشىغۇ، ئەمىسە بىزنىمۇ ئاپىرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرسىلا بولغۇدەك، — دېدىم مەن.

— ئاپارساققۇ بولاتتى، — دېدى ئىدارە باشلىقى خىجىللىق بىلەن، — ئاردىلىقى يىراق، يولىمۇ يامان.

— مەيلى. ئاشۇنداق چەت - يىراق، چاپالىق جايلارنىڭ تەجرىبىلىرى ئادەمنى تېخىمۇ قايىل قىلىدۇ.

— مەيلى. ھەر قايسىلىرى خالايدىغان بولسىلا.

لېكىن «قۇمباستى»غا بېرىشنى خالايدىغانلار چىقمىغىلى تاس قالدى. ئاخىرىدا، مەن بىلەن كەلگەن بىر ياش ئوقۇتقۇچى بىلەن مائارىپ ئىدارىسىدىكى بىر كادىرنىڭ ھەمراھلىقىدا يولغا چىقتىم. بىز جىپ بىلەن توپىلىق يېزا يولىدا يېرىم كۈندەك تاسقىلىپ، يۇلغۇن، قومۇش، سۆكسۆك باسقان دۆڭلۈكلەر ئارىسىدا بىرەر سائەتتەك ماڭغاندىن كېيىن، — كەلدۇق، — دېدى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ كادىرى يەڭگىل تىنىپ، — مۇشۇ دۆڭلۈكتىن ئۆتسەكلا «قۇمباستى» كۆرۈنىدۇ.

دۆڭنىڭ قاڭشىرىدىن ئۆتۈشىمىزگىلا ئالدىمىزدا مۆجىزىدەكلا «قۇمباستى» كەنتى نامايان بولدى. دۆك تۈۋگە تاقاپ سېلىنغان جىگدە - تېرەكلەردىن بەرپا قىلىنغان ئىھاتە ئورمىنى، ئاسمانپەلەك تېرەكلەر سايىسىدىكى يوللار، دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ئالدى - ئارقىسىدىكى بۈككىدە باغلار، پىششىق خىشتىن سېلىنغان كەنت ئىشخانىسى، ئۇنىڭ يېنىدا تېخىمۇ كۆركەم سېلىنىپ، مەيداندىكى ئېگىز مومىدا دۆلەت بايرىقى لەپىلدەپ تۇرغان مەكتەپ... ماشىنىمىز توختىشىغىلا پاكىز كىيىنگەن، ئوتتۇرا بوي، ئوتتۇز ياشلاردىكى بىر يىگىت بىزنى قارشى ئالدى.

— ھەر قايسىلىرىنىڭ كېلىشىدىن ھېلىلا خەۋەر تېپىپ، مەكتەپكە ئوقۇتۇپ قوياي، دەپ كېلىشىم ئىدى، — دېدى ئۇ بىز بىلەن قول ئېلىشىۋېتىپ، — ئۆلگۈرەلمەپتىمەن ئەمەسمۇ؟

— ئۇنداقتا، بىزمۇ سىلەر تەييارلىقسىز ھالەتتە تۇرغاندا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ ھەقىقىي ئەھۋاللاردىن خەۋەردار بولالىغۇدەكمىز، — دېدىم مەنمۇ كۈلۈپ.

— بۇ كىشى كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، قوشۇمچە بىرلەشمە مەكتەپنىڭ مەسئۇلى توختى ئابلىز بولىدۇ، — دېدى ھەمراھىم تونۇشتۇرۇپ.

— پاھ، دەل ئۈستىدىن چۈشۈپتىمىز - دە!

بىز سۆزلەشكەچ مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرىشىمىزگە قوڭغۇراق چېلىنىپ، ئوقۇغۇچىلار سىنىپتىن چىقىپ رەتلىك تىزىلغىنىچە بىزگە سالام بېرىشتى. مەن ئوقۇغۇچىلارنى، مەكتەپ ئىچىنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقاندەك قىلساممۇ، ئەمەلىيەتتە كۆزۈم سىنىپتا، قادىر بىلەن دىلدارنى قانداقراق ھالدا ئۇچرىتىشىمنى، ئۇلار بىلەن كۆرۈشكەندە نېمە دېيىشىمنى خىيال قىلماقتىمەن.

— ۋۇي، ئادىلغۇ بۇ، خۇدايىم، قانداق كېلىپ قالدىڭىز؟ — چۆچۈپ بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، ئالدىمدا دىلدار - بالدۇرقىدىن سەل سەمىرىپ قالغان، چىرايى تولۇپ تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەن ساۋاقدىشىم تۇراتتى.

— دىلدار، سىز ... — مەن ھودۇققىنىمچە بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشتىم.

— ۋۇي، سىلەر تونۇشامسىلەر - نېمە؟ — ھەممىسى ھەيران قېلىشتى.

— بىر مەكتەپتە، يەنە كېلىپ بىر فاكولتېتتا بەش يىل بىللە ئوقۇغان تۇرساق، نېمىشقا تونۇشمىغۇدەكمىز؟ — دىلدار يەنىلا يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

— بۇياق ۋىلايەتلىك ك. ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى ئادىل بولىدۇ، — مائارىپ ئىدارىسىدىن كەلگەن يىگىت مېنى تونۇشتۇرماقچى بولدى.

— ۋاي خۇدايىمەي، ئادىل، سىز دېگەن ئەسلىدىنلا ناھىيە دەرىجىلىك تۇرسىڭىز، ئاران بىر مەكتەپكە مۇدىر بولغىنىڭىز نېمىسى؟ سىياسىتىڭىزنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدا ئەرز بەرسىڭىز بولغۇدەك، — دىلدار يەنىلا چاقچاق قىلىشقا باشلىدى.

— ھا ... ھا... مۇنداق دەڭ، ئادىل شىياۋجاڭ ئەسلى مائارىپ باشقارمىسىغا باشلىق بولسا بولىدىكەن ئەمەسمۇ؟ ھۆرمەتسىزلىك قىپتۇق، — ھەمراھلىرىم كۈلۈشۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىز «ناھىيە دەرىجىلىك» دېگەن چاقچاقنىڭ مەنىسىنى يەشكەچ، ئىشخانىغا ماڭدۇق.

— مەن ئوقۇغۇچىلارنى تەكرار قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ ھازىرلا چىقىمەن، — دەپلا دىلدار سىنىپقا كىرىپ كەتتى.

— ئاشياۋجاڭ، شىملى دىلدارنىڭ ئالدىدا قادىر بىلەن ئەنۋەرنىڭ ئىسمىنى چىقىرىپ قالمىسىلا، — دېدى توختى ئابلىمىز مېنى يانغا تارتىپ.

— نېمە؟ ئۇلار... بۇ قانداق گەپ؟

— كېيىن دەپ بېرەي، — ئاڭغىچە دىلدارنىڭ قارىسى كۆرۈندى. بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، ساھىبخانىنىڭ كېيىنى ئاڭلاشقا توغرا كېلەتتى. شۇڭا ئارتۇقچە بىر نېمە دېمىگەن بولساممۇ، لېكىن كۆڭلۈم غەش بولۇپ، باياتىنقى خۇش كەيپىمنىڭ يېرىمى ئۇچۇپ كەتتى.

— مەن ئەسلى كەنتىمىزدىن تولۇق ئوتتۇرىغىچە ئوقۇغان بىردىنبىر ئوقۇغۇچى ئىدىم، — دەپ سۆز باشلىدى توختى ئابلىمىز، — مەن ئوقۇش پۈتتۈرگەن يىلى ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھان ئارقىلىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئەسلىگە كېلىپ، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي قالدىم. ئىلگىرى يۇرتىمىزدا بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار ئىدى، لېكىن، پەقەت ئوقۇتقۇچى توختىمىدى. بەزىلەر كەلسىمۇ، كۆپ بولسا بىر يىل ئاران چىدىغان. ھەتتا ئىككى ئوقۇتقۇچى «قۇمباستى»دا ئىشلەشنى خالىماي، بىراقلا يۇرتىغا كېتىپ دېھقان بولىۋالغان. كېيىن ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى مېنى ئايلىقىمغا 20 يۈەن مائاش بەلگىلەپ، مۇشۇ مەكتەپكە خەلق ئوقۇتقۇچىلىقىغا بەلگىلىدى. بۇ يەردە باللارنى موللىغا ئوقۇشقا بېرىدىغان، موللىدىن چىقسىلا، قىزلارنى تېخى بويىغا يەتمەي تۇرۇپلا ئەرگە بېرىدىغان، ئوغۇللارنى بولسا، مۇشتتەك تۇرۇپ ئۆيلەپ قويىدىغان ئادەت بار ئىدى. مەن ئۇنى-بۇنى قىلىپ يۈرۈپ، ئاران تەسلىكتە ئوتتۇزچە بالىنى يىغىپ ئوقۇتتۇم. 1- سىنىپتىن 4- سىنىپقىچە، ھەممە دەرسلەرنى يالغۇز ئۆتتۈم. 1980- يىلى مەن كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولدۇم. پارتىيە 11- نۆۋەتلىك 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن دېھقانلارمۇ خېلى بېيىپ قالدى، لېكىنزە، ساۋاتسىزلار يەنىلا كۆپىيىپ كەتتى.

— توختى شۇجى ئىشنى مائارىپنى تۇتۇشتىن باشلىدى، — دەپ ئالدىراپ سۆز قاتتى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ كادىرى، — ئۇ ئاۋۋال كەنت ئىشخانىسىنى يېڭىلىماي، مەكتەپ سالدى. قانداق مەكتەپ دېمەمسىز؟ باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا بىرلەشمە مەكتىپى دەڭا.

— ئوتتۇرا مەكتىپىمىز ھازىرغىچە «قارا نوپۇس مەكتەپ» — توختى ئابلىمىز كۈلدي، —

ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى ئوتتۇرا مەكتەپنى ئېتىراپ قىلمىدى. مەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە ئەرز قىلدىم. ئاخىرى ئۇلار ئوقۇتقۇچى بىلەن ئۇنىڭ مائاشىنىلا بېرىدىغان، باشقا ھەر قانداق چىقىمنى كەنت ئۈستىمىزگە ئالىدىغان بولدۇق. كەنت پارتىيە ياچېيكىسى مۇزاكىرە قىلىپ، كېلىدىغان ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن بىر يۈرۈش تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى، ياتاق، ھەتتا ۋېلسىپىت تەييارلاپ بەردۇق. لېكىنزە، يەنىلا ئادەمنى تۇتۇپ تۇرۇشتىن تەس ئىش يوق ئىكەن...

— قادىر، دىلدار، ئەنۋەرلەر كەلگەندىن كېيىن، — مائارىپ ئىدارىسىنىڭ كادىرى توختى ئابلىزنىڭ ئىشارىتىنى چۈشەنمىدىمۇ، ياكى قەستەن چۈشەنمەس بولىۋالدىمۇ، ئالدىراپ سۆز قاتتى، — مەكتەپ مەكتەپكە ئوخشىدى...

چاي قويۇۋاتقان دىلدارنىڭ قوللىرى بىردىنلا تىترەپ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈۋالدى. قارىسام، يەلكىلىرى سىلكىنىۋاتاتتى. شۇڭا، دەررۇ سۆزنى بۆلدۈم:

— بولدى، ئاۋۋال ئەمەلىيەتنى كۆرۈپ باقايلى، تېخى ۋاقىت بولغانىدىكەن، تونۇشتۇرۇشنى ئاخىرىدا ئاڭلىمامدۇق؟

— شۇنداق قىلايلى، — توختى ئابلىزمۇ دەرھال بىزنى چايغا تەكلىپ قىلدى. دىلدار بولسا، ئاللىقاچان چىقىپ كەتكەن ئىدى.

— ئابباسجان ئۇكام، بىلىپ تۇرۇپ دېمەيدىغان گەپتى، — توختى ئابلىز ھېلىقى ھەمرىھىمنى ئەيىبلىدى.

— ھەي، مەنزە، دوكلات قىلىشقا ئالدىراپ كېتىپ، — دېدى ئابباسجان خىجىللىق ئىچىدە ئوڭايسىزلىنىپ.

6

ھازىر بىر چاغلاردىكىدەك يۇرت نامىنى يېڭىلاش مودىدىن قالدى. بولمىسا «قۇمباستى» دېگەن ئىسىم بۇ كەنتكە ناھەق قويۇلۇپ قالغان ئىكەن. ئىلگىرى مىڭ موغا يېقىن تېرىلغۇ يېرى بار بۇ كەنتتە ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئائىلە، سەككىز يۈزدەك نوپۇس بار ئىكەن. كەنتنى ئايلاندۇرۇپ سېلىنغان جىگدە، تېرەك، ئازغانلار قۇمنى كەنت سىرتىدىلا توساپ تۇرىدىكەن. ھەممىلا يەردە باغ، يەر ئوتتۇرىسىدىكى يان ئېرىقلار ئىچىگە سېلىنغان چوڭ چىلانلارنىڭ غولى كەككە سېپىدەك بولسىمۇ، لېكىن مېۋىسىنىڭ تولىلىقىدىن شېخىغا ئاچا قويۇلمىغىنى يوق دېيەرلىك. مەكتەپنىڭ ئارقىسىدىكى يىگىرمە مولۇق باغقا ساپلا ئانار بىلەن ئۈزۈملا قويۇلغان بولۇپ، بارلىق پەرۋىشنى كەنت دېھقانلىرى خالىسانە ئىشلەپ بېرىدىكەن، كىرىمىلا مەكتەپنىڭ ئىكەن.

بىز توختى ئابلىزنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلىغاچ مېڭىپ، كەنتنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى دۆڭدىن ئۆتۈشىمىزگە، ئالدىمىزدىكى مەنزىرىدىن ھەيران قالدىم:

— ئاھ، ساپسېرىق قۇم دېڭىزىغا چۈشكەن يېشىل ئاسماننىڭ بىر پارچىسى، ياكى پەرىشتىلەرنىڭ قويىنىدىن چۈشۈپ قالغان ئەينەك دېسىمۇ بولغۇدەك، — دەۋەتتىم مەن ئۆزۈمنى باسالماستىن.

— شائىرانە سۆز، يەنە كېلىپ بەك جايىدا ئېيتىلغان، — توختى ئابلىز مەندىنمۇ بەكرەك ھاياجانلانغاندەك تۇراتتى. ئورنى ئالاھەزەل 4000 مو كېلىدىغان سۇ ئامبىرىنىڭ چۆرىسىدىكى مەجنۇنتاللار سۇ يۈزىگە ئېگىشىپ يەڭگىل ئىغاڭلىماقتا.

قۇمۇشلار ئارىسىدا سۇ قۇشلىرى بەخىرامان ئۈزۈپ يۈرۈپتۇ. ئامبارنىڭ ئايىغىدىكى ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ نورىدىن بىر كۆپ مېتىر كەلگۈدەك سۇ شارقىراپ چۈشۈپ تۇراتتى.

— بۇ يەرنىڭ بېشىدا بىر قانچە كۆز بۇلاق بار ئىدى، — توختى ئابلىز تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى، — لېكىن بۇ سۇ لازىم ۋاقىتتا يوق، لازىم بولمىغاندا بار، يەنە كېلىپ كەلكۈن مەزگىللىرىدە تىزناپ دەرياسىدىن تېشىپ چىققان سۇلار «ئۇلۇغ ئېقىمەن» دېيىلىدىغان بىر يارلىقنى بويلاپ كېلىپ، ئاۋۇ توغراقلىقلارغا كىرىپ كېتەتتى. شۇڭا مەن شۇجى بولۇپ ئىككىنچى يىلىلا ئەزالارنى قوزغىتىپ بۇ ئامبارنى باسۇۋالدۇق. بۇلاق سۈيى يىلبويى ئامبارغا قاچىلىنىپ تۇرىدۇ، كەلكۈن سۈيىنىمۇ يىغىۋالىمىز. يۇرتىمىز تەكلىماكاننىڭ ئىچىدە بولسىمۇ، قۇرغاقچىلىق كۆرمەيمىز. ئېلېكتر ئىستانسىسى جىق ئىشىمىزنى ئاسان قىلىۋەتتى. ئامباردىكى بېلىق، قۇمۇش دېگەنلەردىنمۇ ھەر يىلى 15 — 10 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىمىز...

— پاھ، بۇ يۇرتنى «قۇمباستى» دېمەي، «قۇمنى باستى» دېسە بولغۇدەك، — دېدىم مەن قايىللىق بىلەن.

— بۇرۇن شۇنداق ئىكەن، ئىسمىمۇ شۇنىڭغا لايىق قويۇلغان گەپ، — ياشقىنە كەنت باشلىقى سۆز قاتتى، — ئىسمىنى ئۆزگەرتەيلىمۇ دېگەن، لېكىنزە، قېرىلار ئۇنۇمايدۇ. ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق بىرەر داۋلىسى باردۇ، بەلكىم، ئەۋلادلار مۇشۇ ئىسىمدىن بولسىمۇ كەنتنىڭ ئۆتمۈشىنى ئۇنتۇمىسۇن دېگەندۇ...

توختى ئابلىز ئىككىيلەننى بېلىق تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇۋەتتى. سۆگەتلىكلەر ئارىسىدىكى دامىدىن كېتىۋېتىپ قارىسام ئالدىمدا سېمونتتا قاتۇرۇلغان بىر قەبرە پەيدا بولۇپ قالدى. قەبرىدىگە سۇلۇس خەت نۇسخىدا: «بۇ يەردە بىر ئۇلۇغ ئىنسان، ئاللانىڭ سادىق بەندىسى، يۇرتىمىزغا مەرىپەت چىرىغىنى ياققۇچى ياقۇپ ئاخۇن ئوغلى قادىر ئاخۇن ياتىدۇ. ئۇ يۇرتىمىزنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن 24 يېشىدا شېھىت بولغان. ئەۋلادلار ئۇنى مەڭگۈ ئۇنتۇمىغاي، ئامىن!» دەپ يېزىلىپتۇ.

— نېمە، بۇ... قادىر... — مەن كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم.

— شۇنداق، سىلىنىڭ ساۋاقداشلىرى قادىر دامىنى قوغداش، مۇھىمراقى كەنتىمىزنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن مۇشۇ يەردە ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلغان، — دېدى توختى ئابلىز قەبرە ئالدىدىكى گۈللەرنى سىلىغىنىچە كۆزىگە ياش ئېلىپ.

## 7

— مەن ئېيتقاندەك، مەكتىپىمىزدە ئوقۇتقۇچى توختىماي يۆرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، — دەپ سۆز باشلىدى توختى ئابلىز كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، — ئاھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى كەنتىمىزگە يېڭى ئوقۇتقۇچى تەقسىم قىلغانلىقىنى ئۇقتۇردى. شۇنى بىلەن مەن شەخسىي قول تراكتورۇمنى ھەيدەپ، ئۇلارنى ئالغىلى باردىم. قارىسام، شۇنداق كېلىشكەن بىر جۈپ ياش يۈك - تاقلىرىنى تۇتۇپ ساقلاپ تۇرۇپتۇ. كۆڭلۈمنى غەشلىك قاپلىۋالدى. ئۇلارنىڭ شۇ چاغدىكى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇ ئىككىسىنى بۇ يەردە بىرەر يىل تۇرىدۇ دېسە، ھېچكىم ئىشەنمەيتتى. لېكىن مائارىپ ئىدارىسى تەقسىم قىلغان ئىكەن، ئەكەلمەي

نېمە ئىلاج؟ ئۇلار بىلەن ئات - جۇنىمىزنى سوزۇشۇپ، نەرسە - كېرەكلەرنى تىراكتورغا بېسىۋاتساق، قاياقتىندۇر ئەنۋەر دېگەن بىرسى كېلىپ، دەلدەڭشىگىنىچە تىراكتورغا چىقىۋالدى:

— مەن... مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە بارىمەن... مەن ...

— ئەنۋەر، ئاڭلىسام، بىز بارىدىغان يەر بەكمۇ جاپالىقمىش، سەن چىدىماي، كېيىن يۈزىمىزنى تۆككىچە، ھازىرلا قېپقالساڭ بولمامدۇ؟ — دېدى قادىر ئۇنىڭغا.

— ھە... ھەي قادىر... ئۈچىمىز بىللە بولساق... چۆلنى بوستان قىلىۋېتىمىز، — ئەنۋەر گىتارنى ئېلىپ تاراڭشىتىپ قويدى. ئۇنى ئەسلى ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپكە تەقسىم قىلغان ئىكەن، بىراق، ئۇ «قۇمباستى»-غا بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. مەيلى ئەمەسمۇ؟ ئىككىيلەن بىلەن ئۇ مەكتەپنى ھېچنېمە قىلىپ بولغىلى بولمايدۇ-دە. شۇڭا، يەنە ئىدارە باشلىقىنى ئىزدىدىم.

— ۋۇي، بۇ ئەنۋەرچۇ — ئۈرۈمچىدە چوڭ بىر باشلىقنىڭ ئوغلى، — دېدى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئوڭايسىزلىنىپ، — يەنە كېلىپ دادىسى مېنىڭ ئوقۇتقۇچىم بولىدۇ. ئۇنىڭ ناھىيىمىزگە كەلگىنى يەتمىگەندەك...

... جۇيجاڭ، مەنمۇ ئاساسىي قاتلامدا چېنىقىپ باقمايمۇ؟ ھى... ھى... ئۈچىمىز بىللە بولساق... ھى... ھى... «قۇمباستى»-غا گۈل بېسىۋېتىمىز...

— ئەمىسە، سىزنىڭ شىتاتىڭىز يەنىلا ئىدارىدە تۇرۇپ تۇرسۇن، قېيىنى كۆرۈپ بېقىڭ، — جۇيجاڭ ماقۇل بولدى- يۇ، لېكىن تازا خاتىرجەم بولالمىغاندەك، مېنى ئىشخانىغا ئەكىرىپ، ئەنۋەرنى بىر مۇنچە ماختاپ، ئۇنىڭغا كۆپرەك ئېتىبار بېرىشىمنى ئالاھىدە جېكىلىدى، قادىر بىلەن دىلدارنى بولسا تىلغا ئېلىپمۇ قويمىدى. مەيلى، نېمىلا بولسا، سىغەن مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرمۇ بارغىلى ئۇنىمايدىغان يەرگە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدىن بىراقلا ئۈچىنى ئېلىپ چىقالىغىنىم ئۈچۈن، خۇددى ئۆزۈمنى شەھەر ئېلىپ غەلىبە بىلەن قايتقان گېنېرالدەك سېزىپ، تىراكتورۇمنى تاتاتلىتىپ يولغا چىقتىم. قادىر بىلەن دىلدار بىر - بىرىدگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۈگدەشكە باشلىدى، ئەنۋەر بولسا، بىر دەم گىتار چالغاندىن كېيىن، سومكىسىدىن بىر شىشىنى چىقىرىپ، قادىرغا زورلاشقا باشلىدى. قادىر ئۇنىمىدى بولغاي، ئۆزى كۆتۈرۈپلا بىر مۇنچە ئىچىۋېتىپ، بېشىنى سومكىغا قويۇپلا خورەككە چۈشتى.

مەكتەپ ئىچىدىن ئىككى ئېغىز ئۆيىنى ئۇلارغا ياتاق قىلىپ بەردۇق. دىلدار كەچلىرى قورقۇپ قالمىسۇن، دەپ ئوقۇۋاتقان سىڭلىمنى ھەمراھ قىلىپ قويدۇم. راستىنى ئېيتسام، دىلدارمۇ تاماق ئېتىشنى ئانچە بىلمەيدىكەن. لېكىن، ئۆزلىرى تاماق ئېتىپ يەپ باقمىغان «ئەپەندىچاق» لاردا نېمە گۇناھ! يېزا دېگەندە قۇرساق ئاچ قالىدۇ دەمسىز؟ ھەر كۈنى دېگۇدەك ئۆيلىرىمىزگە چاقىرىپ تۇردۇق. ئەنۋەر دېگەننى ھاراقنى خېلى ئىچىدىكەن. مېھمانغا چاقىرساق، يا ئىچىپ كەلگەن، يا ھاراقنى كۆتۈرۈپ كەلگەن. ئاخىرى كەنتىمىزدىكى ماگىزىنچىغا بۇيرۇپ، تارىخىمىزدا تۇنجى قېتىم ماگىزىنغا ھاراق ئەكېلىپ قويدۇق. شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ ياشلار قاتارىدا بىرەر پىيالە ئوتلاپ قويۇشقا مەجبۇر بولدۇم. قادىر دۇتارنى، ئەنۋەر گىتارنى ئالسا، دىلدار ناخشا ئوقۇسا، خۇددى بىرەر سەنئەت ئۆمىكى كەنتىمىزگە

كەلگەندەك تۇيۇلاتتى. كەنتىمىزنىڭ ياشلىرىمۇ بۆلەكچە جانلىنىپ كېتىشتى. ھەتتا مەسچىتنىڭ ئىمامىمۇ قاتاردىن قېلىشنى راۋا كۆرمەي، ئۇلارنى ئالاھىدە بىر قوي سويۇپ چاقىرىۋالدى. قارىسام، ئەنۋەر يەنە ئىچىپ كېتىپتۇ. ئىمامىمۇ:

— ياش ئەمەسمۇ؟ ھەدىستىمۇ «مېھمىنىڭنىڭ كۆڭلى نېمىدە خوش بولسا، شۇنى قىل» دېيىلگەن. دىلىغا ئېلىم سالغان خۇدا بىر كۈنى ئىمان سېلىشىنىمۇ ئۇنتۇماس، — دەپ ھەممىمىزنى كۈلدۈرۈۋەتتى.

مەكتەپنىڭ ئىشىمۇ يۈرۈشۈپ كەتتى. ئۇلار كېلىپ ئىككىنچى يىلىلا تولۇقسىزنى پۈتتۈرگەن ئىككى ئوقۇغۇچى يەكەن دارىلمۇئەللىمىنگە قوبۇل قىلىنىپ، كەنتىمىزدىكىلەرنىڭ بېشى ئاسمانغا يەتتى. دېھقانلار بالىلىرىنى بەس - بەستە مەكتەپكە ئەكېلىپ بېرىشتى. موللامنىڭ ئالدىدىكى بالىلارمۇ قايتىپ چىقتى. باشلانغۇچتىنلا چىقىپ كەتكەن بالىلارمۇ قايتىدىن ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپىغا كىرىپ ئوقۇدى. ھەتتا چوڭلارمۇ ئاخشاملىرى مەكتەپكە كېلىدىغان بولۇشتى. ناھىيە، يېزىدىنمۇ مەكتەپنى تەقدىرلىدى، خىراجەتمۇ بەردى. ئىشقىلىپ، تەشكىللەر، ئاممىمۇ خوش، مەنچۇ؟ مەن تېخىمۇ خوش! مەكتەپكە يۇقىرىدىن بىر كىمنى مەسئۇل قىلمىغاچقا، مەن يەنىلا ئۇنىڭ ئومۇمىي ئىشىنى نەزەردىن ساقىت قىلمىدىم. ئەمدى چوڭلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن قادىر، دىلدارلارنىڭ تويىنى قىلىپ قويماقچىمۇ بولۇشتۇق. دېمىسىمۇ، ئۇلار ئىككى يىلدىن بېرى، مەكتەپمىزنى، يۇرتىمىزنىلا ئويلاپ، توي ئىشلىرىنى زادىلا ئېغىزغا ئالمىدى. سىڭلىمۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە كەتتى. بۇ ئىشنىڭ ۋاقتى كېلىپ قالغان ئىدى. ئەنۋەرمۇ تولاراق شەھەرگە كىرىۋالىدىغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يامان ئەمەس ئىدى. راستىنى ئېيتساق، ئۇنىڭ ئون - ئونبەش كۈن يوقاپ كېتىشى بىلەن ئوقۇتۇش ئىشى ئانچە ئاقساپ قالمىسىمۇ، لېكىن گىتار ئاۋازى ئاڭلانمىسا، ھەممىمىزنىڭ ئىچى پۇشۇپ قالاتتى. ئەمدى كەلمەمدىكىن دېسەك، يەنە پەيدا بولۇپ قالاتتى. ياش ئەمەسمۇ؟ شارائىتىمىز شۇنچىلىك تۇرسا، يەنە قانچىلىك تەلەپ قويغىلى بولسۇن!

## 8

تاقىتا - تۇققا سۆزلەپ سىلىنى زېرىكتۈرۈپ قويدۇمغۇ - دەيمەن؟ ئاز - تولا ئوقۇغىنىم بىلەن، يەنىلا دېھقان ئادەممەن. تىزىپ يېزىۋېلىپ سۆزلەشكە زادىلا كۆنەلمىدىم. نېمە ئامال؟ ئەمدى گەپنىڭ بېشىنى باشلىغان ئىكەنمەن، ئاخىرىنى دېمىسەم، سىلىمۇ رازى بولمايلا.

شۇنداق، «ئەسكى تامدا قۇشقاچ تولا، كەمبەغەلگە پۈتلاش تولا» دېگەندەك، ئەمدىلا چىرايلىرىمىزغا كۈلكە يۈگۈرۈپ قېلىۋىدى، خوشلۇقىمىزغا كۆز تەگدى. ئاشۇ يازدىكى قاپقاراڭغۇ كېچە زادى ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

شۇ يىلى ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتكەچكە، تىزناپ دەرياسىغا كەلكۈن تولا كېلىپ، ئامبارنى توشقۇزۇۋەتتى. دەسلەپتە، يازلىق يىغىم، ئاشلىق سېتىپ بېرىش بىلەن بولۇپ كېتىپ كەلكۈنگە ئانچە پەرۋا قىلماپتىمىز، شۇڭا ئۆزۈمنى ھازىرغىچە ئەپۇ قىلالمايمەن. سۇنى كېچە - كۈندۈز چىقىرىپ، توغراقلىققا باشلىۋەتكەن بولساقمۇ، يەنە دامبىغا تەھدىت سالدى. ئاخىرى بولماي، كەنت بويىچە چوڭ - كىچىك ھەممىمىز دامبا ئۈستىگە چىقىپ، كېچە - كۈندۈز توپا توشۇپ دامبىنى ئېگىزلەتتۇق. ئاخىرىدا، ھەتتا

مەكتەپ بالىلىرىمۇ كېلىپ توپا تۇشۇدى. ئويلاپ بېقىڭ، بۇ ئامبارنىڭ شۇنچىۋالا سۈيى يار ئېلىپ كېتىدىغان بولسا، چىقىشقا يەر تاپالماي تۇرغان بەڭباش سۇ خۇددى توپان بالاسىدەك كەنتىمىزگە تەلۋىلىك بىلەن ئۆزىنى ئۇراتتى - دە، «قۇمباستى» كەنتى يەر يۈزىدىن ئۆچەتتى. كېيىن ھەر نېمە قىلساقمۇ ھازىرقى ھالغا كەلتۈرۈشىمىز تەس ئىدى. بىزگە پەقەت «لايباستى» دېگەن يېڭى ئىسىم تەبىئەتنىڭ جازاسى بولۇپ قالاتتى.

شۇ كۈنى كەچتە ھاۋا بۇزۇلۇپ، يامغۇرنىڭ ئالامەتلىرى كېلىشكە باشلىدى. قارىسام، ئەتىگەندىن بېرى كەنتىمىزدىكى دېھقان ئاياللىرىغا ئوخشاش تاغار يۈدۈپ، توپا توشۇغان دىلدارنىڭ يۈز - كۆزلىرى قىزىرىپ، ئېسىلىپ، كالپۇكلىرى گەز باغلاپ، چىرايىدىن بىر غېرىچ توپا ئۆرلەپ قاپتۇ. «قايتىپ كېتىڭ» دېسەم زادى ئۇنىمىدى. ياتقۇزۇپ قويساق يەنە كېلىۋالدى. ئاخىرى بىر تاغار توپىنى يۈدۈپ كېلىۋېتىپ يىقىلىپ چۈشكەنچە ھوشىدىن كەتتى. ئاخىرى بولماي ئۇنى ئېشەك ھارۋىسىغا ياتقۇزۇپ، سىڭلىم مەكتەپكە ئېلىپ كەتتى.

ھەممىمىز ئەندىشە قىلغان ئىش ئاخىرى يۈز بەردى. دامبىنىڭ كەنت تەرىپىدىكى قېشىدىن پاچاقتەك سۇ ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى. دامبا ئەسلىدىمۇ قۇم ئارىلاش تۇپىدىن ياسالغاچقا، كىچىككىنە سۇ چىقىتىمۇ، بولدى، بىردەمدىلا تۆشۈك يوغىناپ، دامبىنى ۋەيران قىلاتتى. شۇڭا، دەرھال تۆشۈكنىڭ ئاغزىنى تېپىپ ئۇنى ئېتىش كېرەك ئىدى. مەن بىر قۇچاق سۆلياۋنى كۆتۈرۈپ سۇغا سەكرىدىم، ئارقامدىن نۇرغۇن كىشى چۈشتى. سۇئاستىدا بىر - ئىككى مىنۇت ئاران تۇرغىلى بولاتتى. دەم ئېلىۋېلىپ يەنە چۆكەتتۇق. راست، مەنمۇ ھەقىقەتەن كالۋا ئىكەنمەن. ئادەتتىكى چاغلاردا ئۆزۈمنى بىر كەنتنىڭ ئىگىسى ساناپ، كېرىلىپ يۈرگىنىم بىلەن كەنتنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە، ھېچنېمىگە يارىمايدىكەنمەن. شۇ چاغدا ئېسىمىدىم تۆشۈكنى تېپىشتا قېلىپ، ئادەملەرنىڭ ھاياتىغا سەل قاراپتىمەن. شۇڭا ئۆزۈمنى ھازىرغىچە «جىنايەتچى»، «قاتىل» ھېسابلايمەن. قانۇن مېنى سوتقا تارتمىغان بولسىمۇ، ۋىجدان سوتىقى مېنى قىيناپ كەلمەكتە.

بىر چاغلاردا نەپەس ئېلىش ئۈچۈن سۇ ئۈستىگە چىقسام، ھەممىسى «توختىدى، سۇ توختىدى» دېيىشىپ تەنتەنە قىلىشىۋېتىپتۇ. خۇشلۇقۇمدا دەرھال قاشقا چىقىپ، تۆشۈكنىڭ ئايىغىدىن باشلاپ ئېچىپ، چىڭداشنى ئورۇنلاشتۇردۇم.

— ئۇھ، خۇداغا مىڭ شۈكرى، — سۇغا مەسئۇل مۇئاۋىن كەنت باشلىقى ھاپىزكامنىڭ كۆزلىرىدە خۇشاللىق ياشلىرى ئەگىمەكتە ئىدى، — بالاخور تۆشۈكنى ئاخىر تاپتىڭ، خۇدايىم ئۆمرۈڭنى ئۇزۇن قىلسۇن ئوكام.

— نېمە؟ ۋاي، تۆشۈكنى كىم تاپتى؟ — مەن شۇ چاغدىلا ئېسىمگە كەلدىم.

— راست، كىم تاپقاندۇ؟ بىز تېخى سېنى...

مەن دەررۇ قاشتىكى ئەزالارنىڭ بىر - بىرلەپ ئىسمىنى چاقىرىپ تۈۋلىدىم. ھەممىسى بار...

— ئوبدان قاراڭلار، يەنە كىم يوق...

— ۋۇي، ئەنۋەر مۇئەللىم بىلەن قادىر مۇئەللىم يوق تۇرامدۇ؟ — دېدى بىرسى.

— نېمە؟ — پېشانەمگە بىرنى سالدىم، — بولۇڭلار، دەررۇ ئىزدەڭلار.

— ئەنۋەر مۇئەللىم باياتىن كەنتكە كەتكەن، — دېدى بىرسى.

— راستمۇ؟

— راست. ھەممىمىز كۆرگەن،— بىر قانچە باللار تەڭلا چۇرقىراشتى.

— ئەمىسە قادىرچۇ؟ — يۈرىكىم «قارت» قىلىپ كەتتى.

— ۋاي خۇدايىم، باياتىن بىر قولتۇق سۇلياۋنى ئېلىپ سۇغا سەكرىگىنىنى كۆرگەن ئىدىم،— دېدى بىرئايال داد - پەرياد سېلىپ.

— بول، ئىزدە،— مەن كەينىت باشلىقىنى زورىپ بىلەن سۇغا ئىتتىرىۋەتتىم. — ھۇ، نادانچىلار، ئەگەر قادىر مۇئەللىمگە بىرەر كېلىشمەسلىك كېلىدىغان بولسا، ھەممىڭنى سۇغا تاشلاپ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، ئاندىن بارىدىغان يەرگە بارىمەن . . . — ياشلار ھەتتا بەزى ياشانغانلارمۇ سۇغا سەكرەپ چۈشتى. ئاياللار ۋە باللار بولسا، قاشتا ئاللا - توۋا قىچقىرىپ، توۋلاشقا باشلىدى.

— چىقىش، سەنلەرنىڭمۇ ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ؟— كاللام تۇيۇقسىز سەگەكلىشىپ، ئەسەبىيلەشكەن نېرۋىلىرىم ئويغانغاندەك بولدى،— قېنى، پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرى سۇغا چۈشۈپ ئىزدەڭلار، قالغانلار بىردەك قاشقا چىقىپ، دامبىنى رېمونت قىلىڭلار.

سۇنىڭ تېگىدە بەش مىنۇت تۇردۇممۇ، ئون مىنۇتمۇ . . . بىلمەيمەن. دامبىغا چاپلىشىپ ئىزدەۋاتسام، قولۇمغا سۇلياۋنىڭ ئۇچى ئىلىنىشتى، تارتسام چىقمىدى. ئاخىرى سۇدىن بېشىمنى چىقىرىپ، تازا بىر تىنىۋېلىپ، يەنە چۆكۈپ، سۇلياۋنى بويلاپ مېڭىپ بىر كامارغا كىرىپ قالدىم. قولۇمغا بىر پۇت ئىلىندى، تارتسام چىقمىدى، ئەسلى سۇنىڭ كامارغا قاراپ ئېتىلىش تېزلىكى بەك ئىتتىك بولغاچقا، سۇلياۋ ئۇنىڭ پۇت - قوللىرىغا يۆگىشىپ قالغان ئىكەن. مىڭ تەسلىكتە ئۇنى قاشقا ئېلىپ چىقتىم.

— قادىر ! ئالام، ئاھ، قادىر . . .

— قادىر مۇئەللىم . . . ئاللىقاچان تىنىقى توختىغان جەسەت ئالدىدا باشقىدىن يىغا - زارە كۆتۈرۈلدى.

— ھۇ نانقىپلار، قوپۇش، خوتۇن كىشىدەك يىغلاشماي،— كەينىت باشلىقى بىلەن خەلق ئەسكەرلىرى لېيەنجاڭىنى ئىككىدىن تۆت تەستەك سېلىۋەتتىم،— ھەر قايسىڭدەك لامزەللىلەرنىڭ كاساپىتى بۇ. ئاھ، مۇئەللىم، قەدىرلىك دوستۇم، سەن ئۆلگۈچە مەن ئۆلسەم بولمامدۇ؟ . . .

ئاھ، كەچۈرۈڭلار، ئۆزۈممۇ خوتۇن كىشىدىن ئۆتە يىغلاپ كەتكىنىمنى، مەن ھەقىقەتەن يارىماس ئادەم. مەن . . .

9

ئەتىگىنى شۇم خەۋەرنى قانداق ئېيتىشنى بىلمەي، دىلدارنىڭ قېشىغا كىرسەم، يەنىلا چىرايلىرى ساپسېرىق، چاچلىرى چۇۋۇق ھالەتتە ھوشسىز يېتىپتۇ، قېشىدا سىڭلىم ئولتۇرىدۇ. ئەنۋەر بولسا ھېچيەردە كۆرۈنمەيدۇ. سورىسام، «ئاخشام كەتكەن، ئۆيىمىزدە يېگۈدەك بىر نەرسە بولسا ئەپچىقىڭ، دېگەنتى، سويقاش ئېتىپ ئەكىرسەم، خانىمنىڭ قېشىدا ئىكەن، چىرايلىرى ئۆمەللا، ئاشنىمۇ ئىچمەي چىقىپ كەتتى» دەيدۇ. ياتىقىدا ۋېلسىپت، سومكىلىرىمۇ كۆرۈنمەيدۇ. كۆڭلۈمگە سەل گۇمان چۈشكەن بولسىمۇ، ئىشىم بېشىمنىڭ تۈگىمىدىنىمۇ تولا تۇرغاندا، دائىم كېتىپ - كېلىپ تۇرغان ئادەمنىڭ ئىشىنى تولا ئويلاشقا ۋاقتىم يوق ئىدى. شۇڭا سىڭلىمنى ھېچيەرگە بارماي، خانىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا بۇيرۇپ، قادىرنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا كەتتىم.

ئادەتتە، كەنتىمىزدە ئۆلۈم - يېتىم، تۈي - تۆكۈن ئىشلىرى بولسا، باغاق تارقىتىپ، ئۆيمۇئۆي چىللايدىغان ئادەت يوق. بىر ئادەمنىڭ نامىزىنى ھەممىسى ئوقۇيدۇ، بىر ئائىلىنىڭ تويىنى ھەممىسى ئوينايدۇ. لېكىن، قادىرنىڭ نامىزى بۆلەكچە چۈشۈرۈلدى. قېرى - ياش، ئەر - ئاياللار-

نىڭ ھەممىسى قارىلىق باغلاشتى. پېشقەدەملەر جىنازا ئالدىدا ساما سېلىپ، ھەلىقە قىلىپ ماڭدى. بالىلار بولسا، خۇددى ئانىسىدىن ئايرىلغان بوتىلاقلاردەك ئېچىنىشلىق نالە قىلىپ، كەنتنى زىلزىلىگە سالدى. بىز ئۇنى مانا مۇشۇ دامبا ئۈستىدىكى مەجنۇنتال سايىسىغا دەپنە قىلدۇق. ياشلار سېمونت، خىش ئەكېلىپ قەبرە قاتۇرۇشتى. سولۇس نۇسخىسىدىكى بۇ خەتلەرنى ئىمام ئاخۇنۇم ئۆز قولى بىلەن يازدى. شۇ يىلى تۈنەك ئېيى كەلگەندە، كەنتىمىزدىكى ئەر - ئاياللار ئالاھىدە مۇشۇ يەرگە كېلىپ، قەبرە ئالدىدا بىر كېچە تۈنەپ، دۇئا - تىلاۋەت قىلىشتى. راستىنى ئېيتسام، مەن پارتىيە ئەزاسى، دىنغا ئىشەنمەيمەن. قادىرنىڭ نامىزى ۋە كېيىنكى ئىشلارنىڭ بىرمۇنچىسى خۇراپاتلىققا ياتىدىغاندۇ؟ لېكىن كىشىلەر قەلبىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن ئېتىلىپ چىققان مۇھەببەتنى، ھەسرەت - نادامەتنى توسۇش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيتتى. خەلقىمىزمۇ پەقەت ئۆزلىرى ھىمايە قىلغان، سېغىنغان ئادەمنى ياد ئېتىشتە ئاشۇنداق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولدى. ھەي... ئۇ كەنتىمىز ئاسمىنىدا چاقنىغان مەردپەت يۇلتۇزى ئىدى. ئۇ چاقناپلا ئۆچكەن بولسىمۇ، لېكىن نۇرى يۈرەكلەرگە سىڭىپ كەتتى. بىز بەختسىزلىكىمىزدىن، بولۇپمۇ مېنىڭ قارامىلىقىم، تەلۋىلىكىم تۈپەيلىدىن ئۇنى ئۆچۈرۈپ قويدۇق. كېيىن، يېزىلىق پارتكوم ماڭا ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بەردى؛ مەن ئۇنى چىن دىلىمدىن قوبۇل قىلدىم. ئەگەر مېنى قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتقان بولسا، ۋىجدان ئازابىم سەل يەڭگىللىشەرمىدىكىن - تاڭ! بىز...، - توختى ئابلىزنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ قالدى.

- راست، قادىر مېنىڭ ساۋاقدىشىم ئىدى. ئۆزى مۇشۇ يۇرتنى تەلەپ قىلىپ كەلگەن ئالتۇندەك يىگىت. بىز ھەممىمىز كوممۇنىست، باقىي ئالەمدىكى «بېھىش»، «دوزاخ» دېگەنلەرگە ئىشەنمەيمىز. لېكىن، پانىي ئالەمدە بۇنىڭدىن ئۆتە بېھىش بولماس. رەھمەتلىكنىڭ ياتقان يېرى ھەقىقەتەن «بېھىش»نىڭ ئۆزى ئىكەن، - مەن كۆز ياشلىرىمنى توختىتالماي، ئۇ يەردىكى مەجنۇنتاللاردىن بىر گۈلچەمبىرەك ياساپ، ھەم بىلەن ئۇنىڭ قەبرىسىگە قويۇپ، مەرھۇم ساۋاقدىشىمغا بولغان ھۆرمىتىمنى ئىزھار قىلدىم.

قەبرىنىڭ ئارقا تەرىپىدە بىرسىنىڭ ئېسەدەپ - بوغۇلۇپ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، قارىسام، دىلدار قەبرىنىڭ سۇپىسىغا بېشىنى قويغىنىچە ياش تۆكۈپ ئولتۇرۇپتۇ.

- دىلدار، «قازاغا رىزا» دەپتىكەن، ئۆزىڭىزنى ئاياڭ، - دېدىم مەن ئۇنى يۆلەپ.

- ئادىل، - دىلدار مېنىڭ قولۇمنى چىڭ تۇتۇۋالدى، - ياخشى تىلەكلىرىڭىز ئۈچۈن رەھمەت. لېكىن، كەلگۈلۈك ماڭىلا كېلەمدۇ؟ مەن زادى نېمە گۇناھ قىلدىم، شۇنچە تارتقۇلۇقلارنى تارتقۇدەك... ئالەمدە يامانلار يەتكۈچە تۇرۇپتۇ - يۇ، ئۇلار ھېچبىر سوئال - سوراقسىز كېرىلىپ ياشاۋېرىدىكەن. بىلەمسىز، تەڭرىمۇ مېنىلا جازالىسا - ھە!

- دىلدار، ئۆزىڭىزنى ئاياڭ، سىز مەكتەپتىمۇ قەيسەر قىز ئىدىڭىز...

- شۇنداق. تېخى ئۇنتۇمىغىنىڭىزغا رەھمەت. مەن قەيسەر قىز ئىدىم. تەقدىرگە باش ئەگمەسلىكنى، ئۆز رىسقىمنى ئۆزۈم تېپىپ يېيىشنى، ئۆز بەختىمنى ئۆزۈم يارىتىشنى ئەقىدە قىلغان ئىدىم. لېكىن... مەن...

قارىسام، «ساۋاقداشلار قانغۇچە مۇڭدىشىۋالسۇن» دېيىشتىمۇ، توختى ئابلىزلار قايتىپ كېتىۋېتىپتۇ. مەكتەپتە بىز گەرچە كۆپ ئارىلاشمىغان بولساقمۇ، لېكىن، مۇشۇ قىز مېنىڭ قەلبىمدە تۇنجى سۆيگۈ ئوتىنى يالقۇنجاتقان، مەن ئۇنىڭغا تەلەپ قويغاندا، مەكتەپتىكى ھەر قانداق قىز مېنىڭ تەلىپىمنى رەت قىلالماسلىقى مۇمكىن دېگەن خىيالىمنىڭ ئەكسىچە، ئۇ تەلىپىمنى كەسكىنلىك،

ئېچۇق - يورۇقلۇق بىلەن رەت قىلا-
غان، لېكىن ماڭا ئىشىنىپ، ئۆزىنىڭ يۈ-
رەك سىرىدىن مېنى تۇنجى قېتىم خەۋەردار
قىلغان. ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىشىمدا
ئازراق مەنسىتمەسلىك بارلىقىنى سېزىپ،
قەلبىم پۈچۈلانغان، غۇرۇرۇم زەربە يېگەن.
يۈرىكىمدە رەشىك ئوتلىرى تۇتەپ كۆيگەن
بولسىمۇ، لېكىن، مەن قەلبىمنىڭ چوڭقۇر
قېتىدىن ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك قىلغانلىقىمنى
ھېس قىلمىغان ئىدىم.

ئەنۋەر ناھىيىدە بىر مەزگىل تۇرغاندىن
كېيىن، دادىسىنىڭ يولى بىلەن يەنە
ئۈرۈمچىگە كېتىپتۇ. ھازىر ئۇ ئۈرۈمچىدىكى
قايسىبىر ئىداردە مۇئاۋىن باشقارما باش-
لىقى بوپتىمىش. بۇلارغا ئىككى يىل ئەگەش-
كەن، ھەتتا «قۇمباستى» غىچە قوغلاپ كەل-
گەن بۇ قارا سايە نېمىشقا بىر كېچىدىلا
غايىب بولىدۇ؟ زادى بۇ يەردە نېمە
سىر باردۇ؟

— دىلدار، ساۋاقداشلىق ھۆرمىتىدىن
بولسىمۇ، كېيىنكى ئىشلىرىڭىز توغرىسىدا
ماڭا ئاز - تولا سۆزلەپ بېرەلەمسىز؟ مەن
سىر ساقلايمەن، — دېدىم ئاخىرى.

— ئادىل، مەن سىزگە ئىشىنىمەن، — ئۇ
ياشلىق كۆزلىرىنى ماڭا تىكتى، — مەكتەپ-
تىكى سىرلىرىمنى دەسلەپ سىزگە ئاشكارى-
لىغانىدىمۇ، كېيىن پۇشايمان قىلغان ئىدىم.
لېكىن پاكىت سىزنىڭ ھېچ كىشىگە تىنمى-
غانلىقىڭىزنى ئىسپاتلىغاندا بولسا، ئەپۇ
سوراشقا پۇرسەت بولمىغان...

— راست، ئىچىمگىلا تىنغان ئىدىم.

— بولىدۇ، مېنىڭمۇ ئىچىم بوشاپ قال-
سۇن، قادىرنىڭ روھى بولسىمۇ بەزى سىر-
لاردىن خەۋەردار بولۇپ قالغىنى تۈزۈك...

## 10

مەن ئاتا - ئانامنىڭ چىراي - تۇرقىنى
ئەسلىيەلمەيمەن. ئەقلىمگە كەلسەم، ناھى-
يىلىك يېتىم بالىلار مەكتىپىدە ئىكەنمەن. بەل-
كىم، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىممۇ يوق ئوخشايدۇ،
بولمىسا ھازىرغىچە بىرەرسى ئىز - دېرە-
كىمنى قىلماسمىدى؟ مەن تولۇق ئوتتۇرا
مەكتەپنى پۈتتۈرگىچە بارلىق خىراجىتىمنى
ھۆكۈمەت بەردى. مەنمۇ ئوبدان ئوقۇپ مېنى
تەربىيىلىگەن پارتىيە، ھۆكۈمەت ئالدىدا
يەرگە قاراپ قالماسلىقنى كۆڭلۈمگە پۈككەن
ئىدىم. مەن يېتىم بالىلار مەكتىپىدە تۇرغان،
ئۇ يەردىن تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە
چىققان چاغلار جاھان تىنچسىز مەزگىل ئىدى.
تەشكىل قورسىقىمنى، ئۇچامنى تەمىن ئەتتى.
لېكىن، مەندەك يېتىم بالا دائىم جەمئىيەت-
تىكى بىر قىسىم يامان - بەدقىلىق بالىلار-
نىڭ بوزەك قىلىشىدىن خالى بولالمىدىم. شۇڭا
بوزەك بولماسلىق ئۈچۈن، ياۋاش بولماسلىق
كېرەكلىكىنى بىلىۋالغان ئىدىم. مەن بىر قىز
بالا بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئۆزۈمنى قوغداشقا
تېخىمۇ كاللا قاتۇرمىسام بولمايتتى. شۇڭا،
مەن مېنى بوزەك قىلىش كويىدا بولغان ھەر
قانداق ئادەمنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراشنى،
ئۇلارنىڭ مەقسىتىنى ئۇلاردىن بۇرۇن ئېچىپ
تاشلاپ، ئۆزلىرىنى ئوسال قىلىپ، نىيىتىدىن
ياندۇرۇشنى ئۆگىنىۋالدىم. بۇنىڭ ماڭا يار-
دىمى بولدى.

مەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈت-
تۈرگەن يىلى، ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان
ئارقىلىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش
تۈزۈمى ئەسلىگە كېلىپ، سىز
بىلەن ساۋاقداش بولۇپ قالدىم. كېيىنكى
ئىشلار سىزگە مەلۇملۇق. راستىنى ئېيتسام،
مەن ئالىي مەكتەپكە كىرىپ، ھېلىقى زېھىن
بىناش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلگىچە، ماڭا بىر
كىم تەلەپ قويغان ئەمەس. قىز ساۋاقداش-
لارنىڭ تولىسى 1 - يىلىلا بىرەردىن يىگىت
تالىۋالغان. بەزىلىرى بەش يىل داۋامىدا
بىر قانچىنى تاللاپ، تاشلاپ بولغان ئىدى.
مەن بىر قىز بالا ئەمەستەك، باشقىلار تەرى-
پىدىن سۆيۈلۈشكە ئەرزىمەيدىغاندەك، خۇددى
باشقىلارغا خوتۇن، ئانا بولۇشقا ھەقىقىي
يوقتەك، مېنى ھېچكىم ئېسىگە ئېلىپ قويى-
مىدى. سىزگە نومۇس قىلماي ئېيتسام، مەن

مونچىغا كىرگەندە، تىكىلمە ئەينەك ئالدىغا كېلىپ، پۈتۈن بەدىنىمنى تەپسىلىي كۆزىتىپ باققان ئىدىم، ھېچبىر ئىۋەن تاپالمىدىم. يىگىتلەر نېمىشقا ماڭىمۇ تەلەپ قويمايدىغاندۇ؟ نېمىشقا كوچىلارغا يالغۇز چىقىدىغاندىمەن؟ يۈرەكلىك ھالدا باغچىلارنى سەيلە قىلالمايدىغاندىمەن؟ ئەگەر شۇ كۈنلەردە بىرەر ساۋاقدىشىم ماڭا تەلەپ قويغان بولسا دەرھال ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇۋەتكەن بولاتتىم. كۈلمەڭ، سىزمۇ شۇ چاغلاردا بار ئىدىڭىز. بىر سىنىپتا بولمىساقمۇ، بىر فاكۇلتېتتا بولغاچقا، دائىم كۆرۈپ تۇراتتىم. خېلى كۆپ قىز ساۋاقداشلىرىمغا ئوخشاش مەنمۇ سىزنى خىيال قىلاتتىم. ئارقىڭىزدىن ئۇزاق-ئۇزاق (ئەمما ئوغرىلىقچە) قارايتتىم. مەنمۇ تانسا ئويناشنى بىلەتتىم. باشقا قىزلاردەك ھەر كۈنى مىڭ خىل پەرداز قىلىپ، يىگىتلەرنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتەلەيتتىم.

لېكىن، مېنىڭمۇ ھايات پەلسەپەم، تۇرمۇش ئەقىدەم بار ئىدى. ماڭا تەلەپ قويغان ھەر قانداق يىگىت ئاۋۋال مېنىڭ ھازىرقى تەبىئىي تۇرقۇمنى ياخشى كۆرۈشى، پەردازسىز لەۋلىرىمگە سۆيۈشى كېرەك ئىدى. مېنىڭ تەقدىر تىزگىنىمنى چىن قەلبىدىن قولىغا ئالغان يىگىت كېيىن قانداق بولۇشۇمنى تەلەپ قىلسا، مەنمۇ شۇنداق بولاتتىم، قانداق قىلىشىمنى تەلەپ قىلسا، شۇنداق قىلاتتىم. راست، بۇ خىياللىرىم ماڭىمۇ باشتا كۈلكىلىك تۇيۇلغان. لېكىن ئادەمدە ئەقىدە بولمىسا بولمايدۇ ـ دە! تەقدىر ماڭا يەنىلا يېقىنلىقنى راۋا كۆرسە كېرەك. ئاخىرى 3 ـ يىللىققا چىققاندا، ئاندا ـ ساندا تانسىلارغا باردىم، ئولتۇرۇشلارغىمۇ قاتناشتىم. بىر كۈنى ياتىقىمىزدىكى بىر ئولتۇرۇشتا ناخشا ئېيتىۋېدىم، ساۋاقداشلىرىم مېنى ئولتۇرۇش بولسىلا تەكلىپ قىلىدىغان بولدى. مەنمۇ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىدىم، قانغىچە تاماشا قىلدىم. مېنى ھەتتا توي ـ تۆكۈنلەرگىمۇ چاقىرىپ ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدىغان بولدى. شۇ چاغدىلا بەزىلەر مېنى ئەمدىلا ئېسىگە ئالغاندەك، مۇھەببەت تەلىپىنى پۈرىتىشتى. لېكىن، مەن ئەمدى ئۆزۈمنىڭ قىممىتىنى چۈشەنگەن، ھاياتنىڭ تېخىمۇ مۇرەككەپ سىرلىرىنى بىلىۋالغان ئىدىم. شۇڭا، بىلمەسكە سېلىۋېلىپ، ئانچە ئېرەنشىمىدىم، كېيىن رەت قىلدىم.

سىزمۇ بىلمەسسىز، ناخشىچىلىقتا ئاز ـ تولا داڭقىم چىققاندىن كېيىن، تېخى يېقىندىن ئېچىلغان ھېلىقى تانسىخانىنىڭ مەسئۇلى مېنى ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. بىز دوگوۋور تۈزۈشتۇق. مەن ھەر كۈنى كەچتە ئىككى سائەت ناخشا ئېيتىپ بېرىدىغان، شەنبە، يەكشەنبە كۈنى ئۈچ سائەت ناخشا ئېيتىدىغان بولدۇم. ئىش ھەققىم خېلى يۇقىرى بېكىتىلدى. چۈنكى مەن ئۆزۈمنىڭ قىممىتىنى بىلگەندىن بېرى ئۆزۈمدە كەم نەرسىنىمۇ سەزگەن ئىدىم. ماڭا يۇرتۇمدىن پۇل كەلمەيتتى. مەكتەپ بەرگەن تۇرمۇش خىراجىتىدىن باشقا ھېچنېمەم يوق ئىدى. بەلكىم، مەن شۇنىڭ ئۈچۈنلا، ساۋاقداشلىرىم خالىغانچە تالىشىۋاتقان نەرسىنىڭ بىرسىگىمۇ ئېرىشەلمەيۋاتقاندىمەن؟ چۈنكى، ئۆز قىممىتىنى ئېنىق ھېس قىلالىغان ھەر قانداق قىز ئىگىسىگە بۇرۇنقىدەك ئېتىقاد قىلمايدۇ. مەن ناخشا ئېيتىشقا بارغاندىن بېرى، ھەر كۈنى ئەڭ يىراق بۇلۇڭدا بىرسىنىڭ ماڭا تىكىلىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرەتتىم. دەسلەپ نومۇس قىلدىم. كېيىن تېخىمۇ دادىل ناخشا ئېيتىدىغان بولدۇم. چۈنكى، كەچتە مەن مەكتەپكە قايتسامىلا، ھېلىقى كۆزلەرمۇ مېنىڭ ئارقامدىن تىكىلگىنىچە تار كوچىدا يىراقتىن ئەگىشىپ كېلەتتى. ئۇ سىزنىڭ سىنىپىڭىزدىكى ھېلىقى «قادىر بەش كاپالەت» ئىدى. مەن ئۇ كۆزنىڭ باشقا بىرسىگە تەئەللۇق بولۇشىنى، توغرىسى سىزگە تەئەللۇق بولۇشىنى تىلەيتتىم. لېكىن، سىز دېگەن ئۇ چاغدا «باشقارما دەرىجىلىك ھەيئەت» ئىدىڭىز (كەچۈرۈڭ، چاقچاق قىلىپ سالدىم). تانسىخانىلار، ئولتۇرۇشلارغا ئەمەس، قىرائەتخانىغا، ھېلىقى

ئىشخانىڭىزغىلا باراتتىڭىز.

بىر كۈنى ناخشىنى ئېيتىپ بولۇپ، كېيىملىرىمنى يەڭگۈشلەپ، تانسىخانىدىن چىقىشىمغا ئىككى مەستنىڭ ئارقامغا چۈشكەنلىكىنى سېزىپ، قەدىمىمنى تېزلەتتىم. لېكىن ئۇلار يەنىلا مېنى دەرۋازا ئالدىغا يەتكۈزمەستىن توسۇۋالدى.

— ھى ... ھى ... تومۇچۇق، قېنى، بىزگىمۇ بىر سايراپ بەرگىنچۇ، پۇل دېگەننى غازاڭدەك تۆكۈۋېتىمىز ... ھى ...

— پۇلۇڭلارنى تۆكىدىغان جاينى تاپالماي قاپسىلەر، مەن دەرس تەكرارلىمىسام بولمايدۇ، ئاۋارە قىلماڭلار، — دېدىم مەن ئالدىمغا ماڭغاچ.

— ھى ... ھى ... كىم بىلەيدۇ داشۆنىڭ تومۇچۇقلىرىنى، پۇلنى دەپ ئاشپەز، قاسساپلارنىڭ ئاستىدا ئۆمۈلەيدۇ ...، — ئۇلار ئالدىمغا ئۆتۈۋالدى.

— ماڭ لۈكچەكلەر، ھېلى ئادەم چاقىرىمەن ...

— راست ... راست ... بىز لۈكچەك، ئادەم چاقىرغىچە بىزنىلا چاقىرسىڭىزچۇ، — ئۇلار مېنى تام تۈۋىدىلا قاپسىۋالدى.

— نېرى تۇرۇش، — تۇيۇقسىزلا قاراڭغۇدىن ئېتىلىپ چىققان بىر گەۋدە ئۇ ئىككىسىگە ئۆزىنى ئۇردى.

— ھە ... كىمسەن ئۆزۈڭ ... ھىم، تۆت يانچۇقلۇق دىۋانىكەنغۇ، يا ساقچىمىدىڭ ھە!

— مەن ئۇنىڭ ساۋاقدىشى.

— ھەي ئاغىنە، — بىرسى قوپال قوللىرى بىلەن ئۇنى تۇتتى، — ھەر قانچە ئۇنىڭ ئاشنىسى بولساڭمۇ، بۈگۈن بىزگە ئۆتۈنۈۋەت، ھە، باھاسىنى كېلىشىۋالىمىز.

— سىلەر ...، — ئۇلار تۇتۇشۇپ كەتتى. مەن غىپپىدە دەرۋازىدىن كىرىۋالدىم.

ئەتىسى تانسىخانىغا بارمىساممۇ بولاتتى، لېكىن ئاي توشۇشقا يەنە ئىككى كۈن بار ئىدى. پۇل دېگەن ئادەمنى نېمە كويلارغا سالمايدۇ دەيسىز؟ ئاخىرى يەنە باردىم. تانسىخانىغا كېلىپ قارىسام، تام تۈۋىدىكى جوزىدا يەنىلا شۇ قادىر ئولتۇرۇپتۇ. پېشانىسى داكا بىلەن تېڭىقلىق تۇرىدۇ.

— ساۋاقداش، مېنى كەچۈرۈڭ، — دېدىم مەن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ.

— ئەرزىمەيدۇ. مەنمۇ سىز بىلەن بىر ۋىلايەتتىن. قارىسام، ناخشىنى شۇنداق ياخشى ئېيتىدىكەنسىز، شۇڭا ئاڭلىغۇم كېلىپ ...

ياق ... ئۇ ئەسلى مېنى قوغداش ئۈچۈنلا شۇنداق قىلىۋاتىدۇ. مېنىڭ يۈرىكىممۇ گۆش. لېكىن، مەن يەنىلا ...

شۇنىڭدىن كېيىن، مەن ناخشا ئېيتىشقا ماڭسام، ئۇمۇ ئىلگىرىكىدەك يوشۇرۇن ئەگەشمەستىن ئاشكارا ھالدا بىللە ماڭىدىغان بولدى. ۋاقىت توشقاندا، ئىككىمىزنىڭ بىللە چىقىپ كېتىۋاتقىنىمىزنى كۆرگەن مەستلەرنىڭ رەشىك ئوتى ياندىغان كۆزلىرى ئۇنى تەقىپ ئاستىغا ئېلىشاتتى. كېيىن، كىيىم مودېلى بولدۇم. بۇ ئىش ھەمىشە بولمىغىنى بىلەن ھەقىقى ئوبدان ئىدى. ئەمدى مەندە ھەممە نەرسە، ھەتتا يىللاردىن بېرى مېنى باشقىلارنىڭ كۆزگە ئىلماسلىقىغا سەۋەب بولغان سېسىق پۇلدىنمۇ تاتازىلاپ بار ئىدى. لېكىن، مەن ئۇنى ۋىجدانىمنى، نومۇسۇمنى ئەمەس، ئەركىنلىكىمنى سېتىپ بەدىلىگە تاپقان ئىدىم. راستىنى ئېيتسام، شۇ چاغلاردا قادىر ماڭا بىرەر قېتىممۇ مۇھەببەت تەلىپى قويغان ئەمەس، پەقەت ئۇنىڭ كۆزلىرىلا سۆزلەپ تۇرمىسا، ئېغىزى مېنىڭ ئالدىمدا خۇددى چاپلىۋېتىلگەن تۆشۈكنىڭ ئۆزى ئىدى.

ئاشۇ كۈنى، سىز تانسىخانىغا بارغان كۈنى مەن ئۆز كۆزلىرىمگە ئىشەنمىگەن ئىدىم. سىزنىڭ دائىم كېلىشىڭىزنى، ياكى بۈگۈنلا مېنى بۇ ئىشتىن توسۇشىڭىزنى بەكمۇ ئۈمىد قىلغان ئىدىم. مەيلى، ھېلىقى باشلىقلىق سالاھىيىتىڭىز بىلەن بولسىمۇ، ياكى باشقا سەۋەبتىن بولسىمۇ مېنى توسقان بولسىڭىز، ھەتتا قولۇمدىن سۆرەپ ئەپچىقىپ كەتكەن بولسىڭىزمۇ مەن رازى بولاتتىم.

سىزنىڭ قادىر بىلەن سۆزلىشىۋاتقانلىقىڭىزنى كۆرۈپ، ئالاھىدە ئالدىڭىزغا كەلدىم. كۈلدۈمۇ - يوق؟ توغرا، كۈلدۈم. مەن قادىر بىلەن دائىم بىللە بېرىپ بىللە كەلسەممۇ، خۇددى يالغۇز قالغان ئادەمدەك، ناخشا ئېيتىۋاتقاندا ھېچقاچان ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىمايتتىم. كەلگەندە، ئۇ جىمجىتلا كېلىپ، ئۆز ئورنىنى تېپىپ ئولتۇراتتى. كەتكەندە بولسا، كەينىمىزدىن جىمجىت ئەگىشەتتى.

سىزچۇ، مېنىڭ ھاياتىمغا سادىق چاكاردەك ئەمەس، خوجايىندەك كىرىپ كەلگەن ئىدىڭىز. لېكىن سىز مەن كۈتكەندەك ئىشلارنىڭ بىرىنىمۇ قىلمىدىڭىز، ھەتتا، بىر ئېغىز گەپمۇ قىلماستىن چىقىپ كەتتىڭىز. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ قەلبىمدىن چىقىپ كەتتىڭىز.

بەلكىم، قادىرغا يول قويغانسىز، ئەمما شۇ چاغدا سىز مېنىڭ قادىرنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىمنى، پەقەت ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىمنى بىلەتتىڭىز، بولمىسا... كېيىن...

## 11

ھېلىقى مۇسابىقە... ئېسىڭىزدە بارمۇ؟ مەن سىزگە رەھمەت ئېيتسام بولىدۇ. مېنى رىياسەتچىلىككە بەلگىلەپ، ماڭا يەنە بىر قېتىم ئۆزۈمنى تولۇق تونۇش پۇرسىتى بەردىڭىز. ئۆزۈمنىڭ قىممىتىنى تېخىمۇ ئېنىق بىلدىم. ئۇنى تېخىمۇ ئاسراشنى بىلدىم. راستىنى ئېيتسام، مەن ئىلگىرى پەقەت تانسىخانىدا، توي - تۆكۈندە ناخشا ئېيتقان، پۇل ئۈچۈن ناخشا ئېيتقان، كىيىم مودېلى بولغان ئىدىم. ئەمدى ئۆزۈم ئۈچۈن، ساۋاقداشلار ئۈچۈن، فاكۇلتېتىمىز ئۈچۈن مەكتىپىمىزدىكى مۇقەددەس سەھنىگە چىققاندا ئۆزۈمنى قانچىلىك بەختىيار، قانچىلىك بۈيۈك سەزگەنلىكىمنى سىز ھېس قىلالامسىز؟ شۇڭا، مەن بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتىم. قالتىس چاۋاكلار ياڭرىغاندا، مەن ئۇنىڭ ماڭا ئەمەس، سىزگىلا تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. باشلىقلار قوبۇل قىلغاندا سىزنىڭ مەن بىلەن بىللە تۇرۇشىڭىزنى، سىنئالغۇ، سۈرەت ئاپپاراتلىرىنىڭ كۆز قارىچۇقلىرىدا ئىككىمىزنىڭ سىماسىنىڭ بىللە قېلىشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم - ھە! لېكىن، سىز ئادەتتىكى ناتىقلىقىڭىز، تەشكىللەش قابىلىيىتىڭىزنىڭ ئەكسىچە، بىر قانچە ئېغىز تاققا - تۇققۇ گەپ قىلىپلا سەھنىدىن چۈشۈپ كەتتىڭىز. مەن سىزنىڭ ئاشۇ سەۋەنلىكىڭىزنى تولدۇرۇش ئۈچۈن قانچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتمىدىم - ھە!

لېكىن، مەن سىزنى ئەيىبلىمەي تۇرالمايمەن. ئاشۇ مۇسابىقىدىن كېيىن، مېنىڭ مەكتەپ ئىچىدىكى قىممىتىم تۈز سىزىق بويىچە ئۆرلەپ كەتتى. ئىلگىرى، تانسىخانىدا، توي-تۆكۈن، مودا كىيىم كۆرگەزمىلىرىدە مەڭگۈلۈگەن كۆزلەر ماڭا تىكىلگەن بولسا، ئەمدى مەكتەپ ئىچىدە بىردىنلا داڭ قازىنىپ، يىگىتلەرنىڭ تالىشىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالدىم. مەن ئاشۇ چاپ - چاپ بازاردا كۆڭلۈمگە ياققان بىرسىگە ئاسانلا ئېرىشەلىگەن بولاتتىم. بەلكىم، تەقدىرىمۇ ھازىرقىنىڭ ئەكسىچە بولۇشى تامامەن مۇمكىن ئىدى. لېكىن مەن ئەمدى ئالىي مەكتەپكە يېڭى كەلگەن گۆدەك قىز ئەمەس ئىدىم. تانسىخانىدا ناخشا ئېيتىپ، كىيىم - كېچەك مودېلى بولۇپ يۈرگەن، پۇل ئۈچۈنلا ئۆمىلەپ يۈرگەن ئىنسانمۇ ئەمەس ئىدىم. ئەمدى خىيالىي تۇيغۇلارغا بېرىلىش، بىردەملىك ھېسسىياتنىڭ قۇلى بولۇشنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. شۇڭا، سىز — مەن ھەر ۋاقىت تەلپۈنگەن شاھزادە — ماڭا دۇدۇقلاپ تۇرۇپ تەلەپ قويغىنىڭىزدا، مەن يەنە بىر قېتىم ئىرادەمگە خىلاپ ھالدا ئۇنى رەت قىلدىم ھەم «قادىر بىلەن يۈرۈۋاتقىلى ئىككى يىل بولدى» دېدىم. بۇ يالغان ئىدى. بەلكى مېنىڭ سىزنى يەنە سىنىماقچى بولغانلىقىمدۇ. ئەمما ھېلىقى خەتلەر، سىزدىن باشقا تۆت كىشىنىڭ ئاغزاكى تەلىپى راست ئىدى. مەن ھەتتا قادىرمۇ بىلمەيدىغان (ئەمەلىيەتتە، شۇ

چاغدا بىلىشكە ھوقۇقىمۇ بولمىغان) سىردىن سىزنى خەۋەردار قىلدىم. شۇ ۋاقىتتىلا، سىز ئەگەر دۇدۇقلىماستىن، بىرەر ئېغىز گەپنى ئارتۇق قىلىپ، كەسكىنرەك بولغان بولسىڭىز، نەتىجە باشقىچە بولاتتى. سىز ئىشەندىڭىزمۇ؟ ياكى قېيىدىڭىزمۇ، ئىشقىلىپ، قايتىدىن ماڭا قاراپمۇ باقمىدىڭىز. سىزنى ئۆچمە كۆڭۈلمىكىن دېسەم، باشقا قىزلار بىلەن يۈرگىنىڭىزنى زادى بىلمەيتتىم. تارتىنچاقمىكىن دېسەم، يىغىنلاردا سەھنىگە چىقىۋالسىڭىز، ئورنىڭىزدىن قارىماستىن بىرەر-ئىككى سائەت سۆزلىسىڭىزمۇ ئازمايتتىڭىز. بەلكىم، مەنمۇ ئارتۇقچە ئويلاردا بولغاندىمەن؟ سىزنىڭ كۆڭلىڭىزگە ئازار بەرگەندىمەن؟ غۇرۇرىڭىزغا تەگكەندىمەن؟ لېكىن، بۇنى ھازىر دەپ ئولتۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى! ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار ئۈچۈن ئەپۇ سوراپ ۋاقتىمىزنى زايە قىلمىساقمۇ، باشقا ئىشلار چىقماسمۇ؟

ئىمتىھاندىن كېيىن قادىر بىلەن گەپنى ئۈچۈق قىلدىم. بۇ مۇشۇ چاغدا مېنىڭ سىزدىن ئۆچ ئېلىشىم بولسا كېرەك. ئاياللارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىمەك تەس دېيىشىدىكەنسىلەرغۇ؟ بىزدە ئۆزۈمنىڭ كۆڭلىنى ئۆزۈممۇ چۈشىنەلمەي قالىمەن. ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، قەيەردە ئىشلىسەممۇ ئوخشاش ئىدى. بىرلا، ئۈرۈمچىدە قالغۇم يوق ئىدى. مېنىڭ ئىلگىرىكى ھەممىنى ئۇنتۇغۇم، ھەممىنى يېڭىباشتىن باشلىغۇم كېلەتتى. ئەسلى قادىرغا يول مېڭىپ قالدۇرۇشۇم تامامەن مۇمكىن ئىدى. لېكىن، مېنىڭ ئۇنىڭ ئىرادىسىگىمۇ خىلاپلىق قىلغۇم كەلمىدى. ھېلىقى تەقسىمات مەيدانىدىن قادىرنى يېتىلەپ چىقىپ كەتكىنىم ئېسىڭىزدىمۇ؟ مەن ھەممىڭلارغا بىر قېتىم ناماييش قىلماقچى ئىدىم. لېكىن، پۇتلىرىم دىرىلداپ، تاس قالدىم زالدىن چىقمايلا يىقىلىپ چۈشكىلى.

قالدى ئىشلاردىن سىزمۇ خەۋەردار. قاندىق ئىشكىن، ۋىلايەتكە كەلسەك، يەنىلا قادىرنى «پ» ناھىيىسىگە، مېنى ۋىلايەتكە تەقسىم قىلىشا بولىدۇ. قىزىق، ئىككى قىز ۋىلايەتتە قالىمىز دەپ يىغلاپ، يالۋۇرۇپ، ئاغزىدىنى بۇزۇپ، باشقارما باشلىقىنى تازا ئوسال قىلىۋاتقان ۋاقىتتا كىرىپ قاپتىمىز. باشلىق شۇ ئاچچىقىدا ئىككىلىمىزنى «پ» ناھىيىسىگە ئەۋەتىۋەتتى. ئارقىدىنلا ئەنۋەرمۇ (بۇ لوكچەكنىڭ ئىسمىنى ئاتاشقا تىلىممۇ بارمايدۇ) «پ» ناھىيىسىگە كەلسە بولىدۇ. ئۇ خۇددى بىرقارا سايىدەك بىزگە ئەگەشكىنى ئەگەشكەن ئىدى. بىزنىڭ تەقسىماتىمىزغا قەدەمدە بىر كاشىلا قىلىپ كېلىۋاتقان سايىنىڭ ئەسلى ئۇنىڭ دادىسى ئىكەنلىكىنى كېيىن ئۇقتۇم. ناھىيىگە كەلسەك، يەنىلا شۇ گەپ، قادىرنى «قۇمباستى» ئوتتۇرا مەكتىپىگە (ئەمەلىيەتتە بۇ مەكتەپ مائارىپ ئىدارىسىنىڭ خىراجەت جەدۋىلىدە يوق، شتات سىرتىدىكى مەكتەپ ئىكەن)، مېنى ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپكە تەقسىم قىلىشتى. مەن مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقىغا ئەھۋالنى ئېيتىپ، قادىر بىلەن بىر يەرگە تەقسىم قىلىشنى تەلەپ قىلسام، باشلىق: «سىلەر ئەر - خوتۇن بولساڭلار، نىكاھلىنىش گۇۋاھنامەڭلەرنى چىقىرىڭلار، بولمىسا، تەقسىماتقا بويسۇنۇڭلار، قانۇن نىكاھنى قوغدايدۇ، مۇھەببەتنى ئېتىراپ قىلمايدۇ» دېمەسمۇ؟ ئۆزۈمنى ئاران بېسىۋالدىم. مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان ئادەمنىڭ چۈشەنچىسىنى قارىماسىز؟ ئاۋۋال ئەر-خوتۇن بولۇپ، ئاندىن مۇھەببەت باغلايدىغان دەۋرنىڭ كەلمەسكە كەتكەنلىكىنى بىلمىسە-ھە! ئۇ قادىرنىڭ تەقسىماتىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇنىمىغاندىكىن، مەنمۇ «قۇمباستى»غا بېرىشنى تەلەپ قىلىۋېدىم، ئۇ ماڭا بىر كۈن خىزمەت ئىشلىدى. «قۇمباستى»نىڭ جاپاسىنى بەكمۇ كۆپ سۆزلىدى. بۇ يەرنىڭ ئادەملىرىنى ھەتتا «چالىقۇشى» رومانىدىكى ئاناتولىيە قىشلاقلىرىنىڭ ئادەملىرىدىنمۇ نادان، ياۋايى، مەكتىپىنى ھېلىقى سەڭگىلەر يېزىسى مەكتىپىنىڭ شارائىتىدىنمۇ ئوسال قىلىپ كۆرسەتتى. لېكىن مەن يەنىلا

نېمىتىمدىن يانمىغاندىن كېيىن

— نېمانچە تەلۋە ئايالسىز، ياخشىلىق ياراشمايدىغان. ئىككىنچىلەپ قېشىمغا يېقىلاپ كەلگۈچى بولماڭ، بېرىڭ، — دېدى.

12

بۇ يەرنىڭ شارائىتى ناچارراق بولغىنى بىلەن، ئادەملىرى ئۇنچىۋالا نادان ئەمەسكەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئويۇن خۇمارلىقى، خۇشچاقچاقلىقى، مېھماندوستلۇقى... ئىشقىلىپ مىللىتىمىزنىڭ ئەڭ قەدىمكى خۇسۇسىيەتلىرى بۇ يەردە تېخىچە يېڭىچە تۇرمۇش ئادەتلىرى، ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئانچە ئۇچرىمىغان ئىكەن. ئەمما بۇ يەردە بىلىمنى ئەتىۋارلايدىغان، بىلىم ئەھلىگە ھۆرمەت قىلىدىغان ئادەملەر كۆپ ئىكەن. بايام سىز ئاڭلىغاندەك، توختى ئابلىز ئالاھىدە ئۆزى بېرىپ بىزنى ئەپكەلدى. تۇرمۇش مۇلازىمەتلىرىنى تەل قىلىپ بەردى. كەنتتىكى ماگىزىنغا شەھەر تۇرمۇشىدا لازىم بولىدىغان بۇيۇملارنى كۆپلەپ ئەكەلدۈردى. يېزىغا مەجلىسكە بارسا، ماڭا ئاشىمىزنى ئالغاچ كېلىدۇ. مەكتەپتە بىر قىرائەتخانا قۇرۇپ، ئۇيغۇرچە چىقىدىغانلىكى گېزىت-ژۇرناللارنىڭ ھەممىسىگە كەنت نامىدىن مۇشتەرى بولدى. يېڭى كىتاب چىقسىلا سېتىۋالىدۇ. ئىككى يىلدىن كېيىن ئىككى بالا دارىلمۇئەللىمىنگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتۈۋېدى، بىز خۇددى «قۇمباستى» كەنتىگە نەچچە يۈز مىڭ يۈەن پايدا يەتكۈزگەندەك، ھەر بىرىمىزگە باش يۈز يۈەندىن مۇكاپات بېرىپ، چوڭ يىغىندا تەقدىرلىدى. بەزى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى قوشۇمچە ئەمگەكنىڭ تولىلىقىدىن، خىراجەتنىڭ قىسلىقىدىن قاخشايدۇ. لېكىن، بىز خىراجەتتىن قىسىلىپ باقمىدۇق. باغ مەكتەپنىڭ نامىدا بولسىمۇ، ئىشىنىڭ ھەممىسىنى ئىتتىپاق ئەزالىرى ئىشلەپ بېرىدۇ. مەن راستىنى ئېيتسام، «قۇمباستى»غا كەلگىنىمدىن پۇشايمان قىلمىغان، دەسلەپكى جاھىلانە تاللىشىمدىن رازى بولغان.

قىسقىسى، خىزمىتىمدىن، تۇرمۇشۇمدىن، مۇھەببىتىمدىن ... ھەممىدىن رازى ئىدىم. ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلاتتىم. لېكىن ... ھەي، كاج تەقدىر يەنىلا ھاياتىمغا قارا سايىلارنى تاشلىشىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن...

ھېلىقى ئەنۋەرنىڭ كېيىنى توختى ئابلىز قىلىپ بەردىغۇ دەيمەن. ئۇ كىسپۇرۇچ بىزگە سايىمدەك ئەگەشكىنى ئەگەشكەن ئىدى. ئۇمۇ بىر مۇئەللىم بولغاندىكىن، ئۇنىڭ بىزنى ئەگىپ يۈرۈشىنى توسۇشقا قۇربىتىمىز يەتمەيتتى، ئەلۋەتتە. بىر مەزگىل خېلى تۈزۈكتەك كۆرۈندى. ھاراق ئىچسىمۇ ئىچىگە تىنىپ ئارتۇقچە بەدقىلىقلىق قىلمايتتى. مەن ئۇنىڭ داۋاملىق ھاراق ئىچىپ، گىتار چېلىپلا يۈرۈشىنى، تېخى بۇ سەھرادا كۆنەلمىگەنلىكىدىن، ياكى يالغۇز ئىچى پۇشقانلىقتىن بولسا كېرەك، دەپ قاراپ، ياخشى يۆتكىلىپ كېتىش توغرىسىدا دوستانە مەسلىھەتمۇ بەرگەن ئىدىم. ئۇنىڭ گىتارى، قادىرنىڭ دۇتارى، مېنىڭ ناخشام بۇ يەردىكى مەشرەپ، ئولتۇرۇشلارنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالغان. قىسقىسى، بىزمۇ ئۆزىمىزنى بۇ يۇرتنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان پۇقرالىرى ھېس قىلغان، شۇنىڭ بىلەن پەخىرلەنگەن، رازى بولغان ئىدۇق.

ئاشۇ كۈنى . . . تەلۋە سۇ «قۇمباستى»نى يۇتۇش ئۈچۈن ئەجدىھادەك ئاغزىنى ئاچقان كۈنى . . . مېنىڭ بارلىق ئۈمىدلىرىم، ئەقىدەم . . . بەربات بولغان ئاشۇ لەنىتى كۈن . . . مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ . . .

شۇ كۈنى رەھىمسىز تەقدىر مېنى ھەممە نەرسەمدىن ئايرىدى . . . مېنىڭ بىردىنبىر ھەمراھىم، يۆلەنچۈكۈم قادىردىن ئايرىدى، ئۆزۈم ناھايىتى ئاۋايلاپ ساقلاپ كېلىۋاتقان، قادىرغىلا تەئەللۇق بولغان ئامانىتىمدىنمۇ ئايرىدى. ئارزۇ - ئۈمىدلىرىم بەربات بولغان مىنۇتلاردا، ھاياتىم بىناسىنىڭ تۈۋرۈكى گۈلدۈرلەپ ئۆرۈلگەن، قەدىرلەپ ساقلىغان قىزلىق غۇرۇرۇم پايخان بولغان

شۇ كۈنلەردە . . . مەن . . .

مەن دامبا ئۈستىدە كەچكىچە ئىشلىگەچكە، ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىپ ھوشۇمدىن كەتكەن ئىكەنمەن، باشقىسىنى بىلمىدىم.

بىر چاغلاردا ھوشۇمغا كېلىپ قارىسام . . . ھەي، ئەمدى سىزدىن نېمىسىنى يوشۇراي . . . ئاستىم ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ، ئىچ كىيىملىرىم يوتقاننىڭ ئايىقىدا پۇرلىشىپ تۇرۇپتۇ. بەدەنلىرىم سىرقىراپ، پۇت - قوللىرىمدا زادىلا ماغدۇر يوق. مەن قىزلاردا ھامان بىر كۈنى بولىدىغان ئىشنىڭ بولغانلىقىنى، ئەڭ قىممەتلىك نەرسەمنىڭ مەڭگۈگە يوقالغانلىقىنى غۇۋا سەزدىم.

قادىر . . . راستىنلا قادىر كەلگەنمىدۇ؟ لېكىن... ئۇ ھازىرغىچە تېخى مېنىڭ لەۋلىرىمگە لەۋلىرىنى ياقمىغان. مەن خالىماسلىقتىن ئەمەس، ئۇ ئۆزىنىڭ ھايالىقلىقى سەۋەبىدىن ئۆز مۇھەببىتىنى كۆزلىرى، سۆزلىرى ئارقىلىقلا ئىپادىلەپ، ئەڭ شېرىن خىياللىرىنى ئەڭ مۇقەددەس مىنۇتلار ئۈچۈنلا كۆكرەك قەپىزىگە چىڭ بەنت قىلىپ كەلگەن ئىدى. ئەمدى بىز بىر قانچە كۈندىن كېيىن توي قىلاتتۇق. ئاشۇ مىنۇتلارنى مەن بىر خىل ئىنتىلىش ئىچىدە، دەككە - دۈككە ئىچىدە كۈتمەكتىمەن. ئەگەر راستىنلا قادىر بولىدىغان بولسا، مەن ئۇنى كەچۈرۈۋاتقان بولار ئىدىم. چۈنكى، مەن ئۇنىڭغا تەئەللۇق ئىدىم. پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ئۇنىڭكى ئىدى. چۈنكى، ھەممىمىز ئىنسان، ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاۋا ئانىمىزمۇ جەننەتتىكى باياشاتلىق ئىچىدە يەنىلا «مەنئىي قىلىنغان» مېۋىنى يەپ سېلىشتىن خالى بولالمىغان. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئىنسانلار يەپ - ئىچىشتىن باشقىمۇ لەززەتنىڭ بارلىقىنى بىلگەن ئىكەن. لېكىن، قادىر داۋاملىق پېشانىسىگە تېگىپ تۇرغان، ئەگەر ئېلىپلا بىر چىشلىسە ھېچكىم ئەيىبلىمەيدىغان، ئۆزىگىلا تەئەللۇق بولغان «بېھىش نېمىتى» دىنمۇ شۇڭغىچە بەھرىمەن بولماي سەۋر قىلىپ كەلگەن ئىدى.

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى بىلمەيمەن. كۆزۈمنى ئاچسام، بېشىمدا بىر مۇنچە يۇرتداشلار، ئوقۇغۇچىلىرىم تۇرۇپتۇ. توپنىڭ ئارىسىنى شۇنچە ئاختۇرۇپمۇ قادىرنى تاپالمىدىم. ئەنۋەرمۇ كۆرۈنمەيدۇ. ھەممىنىڭ چىرايى سولغۇن.

— نېمە بولدۇڭلار؟ — دېدىم مەن تەستىلىكتە، — سۇ ئامبىرى قانداق بولدى؟

— سۇ ئامبىرى تىنچ - ئامان، قىزىم، — ئايىسخان مومام، — توختى ئابلىزنىڭ ئانىسى يىرىك قوللىرى بىلەن بېشىمنى يۇمشاقىنە سىيلىدى، — خۇدايىم بۇيرۇسا، سۇ ئامبىرى ھېچنېمە بولدى.

— ھە . . . قادىر . . . قادىر قېنى . . .

— بالام، ئۇ ...ئۇ ...، — ئايىسخان مومامنىڭ كۆز ياشلىرى جۇددى يار ئېلىپ كەتكەن ئامبار سۈيىدەك ئۇقچۇپ چىقتى. مەن شۇندىلا دىققەت قىلىپ قارىسام، ئايىسخان مومام قاتارلىق ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئاق كۆڭلەك كىيىپ، ئاق لېچەك سېلىۋاپتۇ. ئەرلەرنىڭ بېلىدە ئاق . . .

— ئېيتىڭلارچۇ، قادىر، قادىرىم نېمە بولدى؟ — مېنىڭ كۆڭلۈم بىر كېلىشمەسلىكنى سەزمەكتە ئىدى.

— بالام، شور پېشانە قىزىم، — ئايىسخان مومام ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى، — خۇدايىم رەھمەتلىكنىڭ ياتقان جايىنى جەننەت قىلسۇن . . . ئۇ . . . ھەپتىنىڭ ئالدىدىكى شۇ كەچتە . . .

— نېمە؟ قادىر . . . قادىر نېمە بولدى؟

— ئۇ سۇ ئامبىرىنى، كەنتىمىزنى ساقلاپ قېلىش يولىدا قۇربان بولدى، — دېدى توختى ئابلىز كۆز ياشلىرىنى سۈرتكىنىچە.

— نېمە؟ قادىر، ئاھ... مېنىڭ قادىرىم... قاچان...

— سىز ھوشىڭىزدىن كەتكەن كۈنى. خۇدا بۇيرۇسا، بۈگۈن مەرھۇمنىڭ يەتتىسىنى بەرمەكچىمىز . . .

— نېمە، قادىر ... ئۇ... ئەنۋەرچۇ؟

— شۇ كۈنىنىڭ ئەتىسى سەھەردە يوقالغان.

ئاڭلىساق، ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كېتىپتىمىش.

— ئەبلەخ . . .

قانچە كۈن ياتتىم؟ نېمىلەرنى جۆيلۈدۈم؟ ئۇقمايمەن. كۆزۈمنى ئاچسام، ئايىسخان ئانا بىلەن قىزى بېشىمدا ئولتۇرۇپتۇ. ماڭا ئايىسخان ئانا باشقىچە قېرىپ كەتكەندەك، چاچلىرى تېخىمۇ ئاقىرىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى . . .

— بالام، بەردەمرەك بولۇڭ، يېتىمنىڭ ئاھىغا خۇدا ئۆزى يېتىدۇ. غېرىبنىڭ بېشىنى ئەل سىلايدۇ، بالام. شۇنداق ياتقىنىڭىزغا ئون سەككىز كۈن بولدى . . . قىزىم . . .

— ئانا . . . — ئايىسخان ئانىنىڭ قۇچىقىدا يەنە هوشۇمدىن كەتتىم.

13

مەن ئاخىرى تىرىلدىم. قادىرنى ئېلىپ كەتكەن خۇدا مېنى ياراتمىدى. سەل - پەل ماڭغۇدەك بولغاندا، ئايىسخان ئانا مېنى ئېشەك هارۋىسىغا سېلىپ قادىرنىڭ قەبرىسىگە ئېلىپ باردى. قەبرە . . . ئاھ . . . مېنىڭ ئارمانلىرىم، مۇھەببىتىم . . . ھاياتىم بەند قىلىنغان سېمونت قەبرە . . . چۆچەك دېگەك چۆچەك، زۆھرە مەشۇقى تاھىرنىڭ قەبرىسى بېشىدا ياش تۆكۈپ، «ئېچىل» دېسە، قەبرە ئېچىلغان ئىكەن. لېكىن، بۇ قەبرە مېنىڭ ياقامنى چاك - چاك ئېتىپ، ھەسرەتلىك نالە قىلىشىمغا «مىت» قىلىپمۇ قويمىدى. مۇزدەك سېمونتنى قۇچاقلاپ يېتىپ، مەھبۇبەمنىڭ تىنىقلىرىنى پۇرىدىم، دەرد - پىغانلىرىمنى تۆكتۈم، چاچلىرىمنى يۇلدۇم . . . بىردىنلا ئالەم پىرقىراپ، ئۆزۈمنى قەبرىدىن يىراققا ئاتتىم. مەن ئەمدى بۇ قەبرىنى قۇچاقلاشقا، ئۇنى سۆيۈشكە، مەھبۇبەمنىڭ ھىدىنى پۇراشقا لايىق ئەمەس ئىدىم. ئۇ پاك كەتتى. پاك سۇدا يۇيۇنۇپ، پاك تۇپراققا سىڭىپ كەتتى.

مەنچۇ؟ مەن . . .

ئەنۋەر شۇنىڭدىن بېرى خۇددى شامالدەكلا بۇ يەردىن يوقالدى. بىرەر قوزىسى يوقالغان دېھقانمۇ قومۇلۇقلارنى ئارىلاپ، توغراقلىقلارنى ئاختۇرۇپ تېپىپ كېلىدىغۇ؟ لېكىن، ئۇنى ھېچكىم ئىزدىمىدى، تىلغا ئېلىپمۇ قويمىدى. ئۇ قاچتى، لېكىن، مېنىڭ پاك تېنىمگە ناپاكلىقىنىڭ تامغىسىنى بېسىپ قاچتى. ئاھ، دۇنيا، سەن نېمە دېگەن رەھىمسىز-ھە. نېمىشقا ئەنۋەردەك نائەھلىلەرنىڭ جېنىنى ئالمايسەن؟ جازالىمايسەن؟ ئۆز قوينۇڭنىڭ پاكلىقىنى ساقلىمامسەن-يا! مەن ئۆزۈمنى مۇشۇ ئامبارغا ئاتسام، قادىرنىڭ جېنىنى ئالغان سۇ مېنىڭمۇ جېنىمنى ئالسا، بۇ ئالەمنىڭ قايغۇ-ھەسرەتلىرىدىن يىراقلا قۇتۇلارمەنمۇ؟

مەن ئامبارنىڭ سۈيىگە ئۇزاق تىكىلدىم. زۇمرەتتەك تىنىق سۇ سۈپسۈزۈك قۇياش نۇرىغا قاقلىنىپ، جىمىرلىماقتا. مەن مۇشۇ سۇدا تېنىمنى يۇيۇپ پاكلانسام، ئەھلى جامائەت مېنىمۇ مۇشۇ قەبرىگە قويسا، ئۇنىڭ پاكلىق بىلەن نۇرلانغان ئاخىرەت ئوردىسى بۇلغانماس ئىدى. مەن زېمىنغا ئاخىرقى قېتىم تويماي قاراپ، قۇياشنىڭ نۇرلىرىغا، مېنى باغرىغا ئالغان يۇرتقا، ئانامنىڭ ئەمچىكىدەك كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان دۆڭلەرگە... قارىدىم.

— ئايىنا، خانىم ئايەردىكەن!— قارىسام، ئايىسخان ئانىنىڭ قىزى ئايجامال باشچىلىقىدا ئون-يىگىرمە بالا چۇرقىرىشىپ كېلىۋېتىپتۇ. ھەممىسىنىڭ قوللىرىدا گۈل. ئاھ، سۆيۈملۈك قوزىچاقلىرىم، بالىلىرىم، سىلەر مېنىڭ ئۈمىدىم ئەمەسمۇ؟ ياق، مەن ئۆلۈۋالماسلىقىم كېرەك. ئايجامال... «قومۇباستى»دىكى ئاتا-ئانا، ئاچا-سىڭىللارغا چىدىمايمەن. مەن ياشايمەن! ئاشۇ بالىلارنىڭ، يەنە تۇغۇلىدىغان بالىلارنىڭ قەلبىگە ئىلىم چىرىغى ياقىمەن! كېلەر يىلى دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرىدىغان ئىككى بالا كەلسە، بىز يەنە كۆپىيىمىز، «قومباستى»ئەمدى قومنىڭ ئاستىدىن چىققان

گۆھەردەك پارقىراپ نۇر چاچىدۇ. ئاشۇ بالىلار ئىچىدىن نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلار، ئالىملار، يازغۇچىلار، جامائەت ئەربابلىرى چىقمايدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟! شۇ چاغدىمۇ بۇ ئاق كۆڭۈل خەلق قادىرنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. ئەنە، شۇ چاغدا، مېنى مۇشۇ قەبرىنىڭ يېنىغا قويسا، قادىرىم بىلەن يانمۇ - يان يېتىپ، «قۇمباستى»نىڭ يېڭى قىياپىتىگە بىللە قارايمىز. ئاھ... مېنىڭ ھازىر تېخى قادىرنىڭ يېنىغا كېتىدىغان ۋاقتىم ئەمەس.

قۇچىقىم گۈللەرگە تولدى. بالىلار ئەتراپىمدا چۇرقىرىشىپ، ئۆز خۇشلۇقلىرىنى قانداق ئىپادىلەشنى بىلمەي تۇرۇپتۇ.

مەن گۈللەرنى قادىرنىڭ قەبرىسىگە قويدۇم. ئايىمخان ئانا بىر مۇنچە بۇغداي، تېرىق، گۈرۈچلەرنى قەبرە ئەتراپىغا چاچتى.

## 14

ما كېلىشەلمىگەنلىكنى قاراڭ؟ ئارىدىن ئۈچ-تۆت ئاي ئۆتۈپلا، قورسىقىم يوغىناشقا باشلىدى. ماڭا ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق بولۇپ كەتتى. ئاڭلىغان ئامالنى قىلىپ باقتىم، ھېچ چارىسى بولمىدى. ئايىمخان ئانا ماڭا ئۇنى-بۇنى ئۆگىتىپ، بەزى مەسلىھەتلەرنى بېرىشكە باشلىدى. لېكىن... مەن ئەمدى نېمە دەيمەن؟ ئەنۋەرنىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدىن قانۇنغا ئەرز قىلىشىم، ئۇنى تۆمۈر پەنجىرە ئىچىگە سۆرەپ كىرىشىم تامامەن مۇمكىن ئىدى. لېكىن مېنىڭ ئۇ نائەھلىنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق. ئىسمىنى تىلغا ئېلىشقىمۇ يىرگىنىمەن. يەنە كېلىپ، مەن «قۇمباستى»دا مەڭگۈ تۇرۇپ قېلىشىم ئۈچۈن، بۇ سىرنى قەلبىمنىڭ ئەڭ تېگىگە سېلىپ، چىڭ قۇلۇپلىۋېتىشىم لازىم ئىدى. قورسىقىم بارا-بارا يوغىناپ، يوشۇرۇشقىمۇ ئامالسىز قالدىم. يۇرتداشلارغۇ ماڭا ھېچقانداق قارىمىدى. ئۇلارچە بولغاندا، مەن قادىر بىلەن توي قىلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىمدىن، بۇ بالا ئەلۋەتتە قادىرنىڭ ئىدى. ھەتتا ئايىمخان ئانا:

— قىزىم، ھەر نېمە بولسا مەرھۇمدىن يادىكار قالىدىغان بولدى. ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، سىلەر توي قىلىشقا پۈتۈشكەن ئەمەسمۇ؟ بېشىڭىزنى تىك تۇتۇپ يۈرۈۋېرىڭ. تۇختاخۇن يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن نىكاھلانغانلىق ئىسپاتى ئېلىپ بېرىدەمەن، دەيدۇ، — دېمەمسۇ؟ ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ، يۈرىكىم ئاغزىمغا قاپلىشىپ قالدى. نېمىدېگەن ئاق كۆڭۈل كىشىلەر-ھە! ئۇلار قورسىقىمدىكى ھارامىلىقنىڭ قانۇنىي دادىسى بارلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن شۇنداق قىلماقتا. لېكىن، ئۇلار ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلسە، نېمە دېيىشەر؟! «ئىنتىردۇەتكەننى ئىت يېمەس» دەپ، بۇ بالا ئاخىرى تۇغۇلدى. يەنە كېلىپ ئوغۇل ئىكەن ئەمەسمۇ؟

— ۋاي قىزىم، پاقلاندەك ئوغۇلكەن، ھەتتا نەۋرىلىك بولىدىغان بولدۇم، — دېدى ئايىمخان ئانا شادلىق ياشلىرىنى سۈرتۈپ.

— سىلىگىلا بېرىۋېتەي بولمىسا، — دېدىم مەن ئازابلىنىپ.

— باشقىلارنىڭ بولىدىغان بولسا، جان دەر ئىدىم. سىزگە قادىراخۇندىن قالغان تەۋەرۈك تۇرسا بۇ. بۇ ھەممىمىزنىڭ بالىسى، «قۇمباستى»نىڭ ئوغلى...

— ئانا، — ئۇنىڭ ئىللىق قۇچىقىغا ئۆزۈمنى ئاتتىم. ھەقىقىي ئەھۋالنى دەپ سالماي دەپ، لەۋلىرىمنى چىشلەپ قانىتىۋەتتىم.

يۇرتداشلار ئۇنى-بۇنى دېيىشىپ بالىنىڭ ئىسمىنى يادىكار قويۇشتى. ئۇلار ئۆزلىرىچە خۇشال، لېكىن مەنچۇ؟ ئۇ نېمىنىڭ يادىكارى؟ كاج تەقدىرنىڭمۇ؟ ياكى...

مەن تولا يىغلاۋېرىپ سۈتمۇ چىقمىدى. مەيلى دەپ تاشلاپ قويۇۋەردىم. ئەمما، ئايىمخان ئانا — ئالتە بالىنى چوڭ قىلغان مېھرىبان موماي ئاخىرى بالىنى قاتارغا قوشتى. مانا، يادىكار بۇ يىل يەتتە ياشقا كىردى، 1- سىنىپتا ئوقۇۋاتىدۇ. چوڭلارنىڭ

«بالىنى بەرگەن خۇدا، مېھرىنىمۇ قوشۇپ بېرىدۇ» دېگىنى راست ئوخشايدۇ. نېمىلا بولسا، تېنىمنىڭ بىر پارچىسى ئىكەن، تەسىرەك بولسىمۇ ئېچىكىپ قالدىم. ھەر قېتىم يوقلىما دەپتىرىنى ئېلىپ «يادىكار قادىر» دەپ تووۋلىغىنىمدا، تۆۋەندە «بار!» دېسە، كۆڭلۈمدە ھەر خىل تەملەر پەيدا بولىدۇ، ئاچچىق، قىرتاق...

مانا، ساۋاقدىشىم، يىللاردىن بېرى ئىچىمدە سېسىپ كېتەي دەپ قالغان سىرلىرىمنى قويماي تۆكتۈم. دەرد-ئەلەملىرىمدىن خەۋەردار بولدىڭىز. مانا، قادىرنى گۇۋاھچى قىلىپ تۇرۇپ، بارلىق سىرلارنى— قادىر بىلگەن-بىلمىگەن سىرلارنىڭ ھەممىسىنى تۆكۈۋالدىم.

15

— ئاھ، دىلدار، شۇنچە دەرد-ئەلەملەرنى تارتىپمۇ كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتمەپسىز، قەيسەرلىك بىلەن ياشاپسىز. سىزنىڭ بېشىڭىزغا كەلگەن دەرد مېنىڭ بېشىمغا كەلسە، مەنمۇ قانداق بەرداشلىق بېرىشنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن، — دېدىم مەن چوڭقۇر تەسىرلىنىپ.

— ھە، ناھىيە دەرىجىلىك ھەيئەت، ئۆزىڭىزنىڭچۇ؟ «ئېلىپ»نىڭ «بە»سى قېنى؟ — دېدى ئۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ.

— يەنە چاقچاق قىلغىلى تۇردىڭىز. مەنمۇ ئۆيلەندىم، ئاجرىشىپ كەتتىم. قايتا ئۆيلىنەي دېسەم، ئەمدى باغچىلاردا قىزلارنىڭ كۆزىگە قاراپ يۈرگىلى ۋاقتىممۇ، ھەپسىلىمەمۇ يوق، ھەممە گەپ شۇ.

— قاراڭ سىزنى، بۇچاغقىچە بالىلىرىڭىز ئېڭىكىڭىزگە تاقاشقاندۇ، دەپ ئويلاپتىمەن. كەچۈرۈڭ...

— دىلدار، ئەگەر خالىسىڭىز، قەلبىمدە ئون نەچچە يىل بېسىلىپ ياتقان مۇھەببەت ئۇچقۇنىنى قايتا لاۋۇلداتساق...

— مېنى يەنىلا بۇ يەردىن ئايرىلالمىغۇ-دەكمەن.

— شۇنداق بولسىمۇ، مەن بۇ جەننىتىڭىزگە كىرسەم، قىستىلىپ قالامسەن؟

— كېچىكتىڭىز؟ — ئۇ يەنە كۈلدى.

— نېمە؟ مەن ھايات يولىدا دائىم كېچىكىپلا يۈرەمدىمەن؟ ئەمدى ئىلگىرىدىكىدەك بىر-بىرىمىزنى سىناپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟

— كەچۈرۈڭ، مېنى ئەسلەپ، ئالاھىدە ئىزدەپ كەلگىنىڭىزگە رەھمەت ئېيتمىسام بولماس. ئەمدى سىناشنىڭ ھاجىتى يوق. سىزگە ئىشەنگەنلىكىم ئۈچۈنلا، كۆڭلۈمدىكى بارلىق سىرلارنى تۆكۈۋەتتىم.

— ئەمدى مېنى يېرىم يولدا قويغان بەختلىك كىشىنىڭ كىملىكىنى يوشۇرمامسىز؟

— سىز ئەقىللىق كىشى، بىلىۋالىسىز، يۈرۈڭ.

شۇ كۈنى كەچتە، دىلدارنىڭ شەھەرلىكلەرنىڭكىدىن قىلىشمىغۇدەك بېزەلگەن مېھمانخانىسىغا جەم بولۇپ، تاماق يېگەچ پاراڭلاشتۇق. رومكىلار ئايلىنىپ، ناخشىلار ئېيتىلىپ تۇردى. دىلدار ئۇسسۇل ئويناپ بىر چۆرگىلىگەندىن كېيىن توختى ئابلىزنى تارتتى. ئىككىيلەن قوغلاپ-قېچىپ، بىر-بىرىدگە بېقىپ ئۇسسۇلنى شۇنداق قىزىتىۋەتتىكى، ھەمراھلىرىم چاۋاك چېلىشىپ، باركاللا ئېيتىشتى. مەن ئالدىمدىكى رومكىنى ئېلىپلا كۆتۈرۈۋەتتىم. ساقى يىگىتمۇ مېھماننىڭ رايىغا بېقىشنى ئوبدانلا بىلىدىكەن. ئارقا-ئارقىدىن قۇيۇۋەردى، ئىچىۋەردىم. ھەر بىر رومكىنى بۇ ياقا يۇرتتا ئۆز ماكانىنى تاپقان ساۋاقدىشىمنىڭ بەختى ئۈچۈن كۆتۈرۈۋەتتىم. مەن مەست بولۇپ قاپتىمەن. لېكىن، بۈگۈن ھەر قانداق كىشى مېنىڭ ئورنۇمدا بولسىمۇ، چوقۇم مەست بولاتتى. ئۇ مېنىڭ گۇناھىممۇ؟

1990 — 1991 - يىللار، پوسكام-ئالاشېر

خىيال (ماي بوياق) پەرھات ئىبراھىم سىزغان



«شىنجاڭ مەدەنىيتى» (قوش ئايلىق ئومۇمىي ئەدەبىي ژۇرنال) 1991 - يىل 4 - سان 《新疆文化》 综合性文学双月刊（维吾尔文）

«شىنجاڭ مەدەنىيتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. ش ئۇ ئا ر ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى نەشر قىلدى. «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى. جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

编辑：《新疆文化》编辑部・出版：新疆维吾尔自治区群众艺术馆・印刷：《新疆日报》印刷厂・发行：乌鲁木齐市邮局・订阅：各地邮局（所）・

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN 65 - 1073/1
ۋاكالەت نومۇرى: 22 - 58. باھاسى 0.50 يۈەن

国内统一刊号：CN 65－1073/ I
本刊代号：58－22　定价：伍角



نەزەر     (ماي بوياق)     ئابدۇشۈكۈر كېرىم سىزغان